# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

**2**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: سۇلتان ماخمۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

AltunOq

مەسئۇل مۇھەررىرى: ت. پەخرىدىن

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى (2)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1981 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1981 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·556
باھاسى: 0.22 يۈەن

# نەشرىياتتىن

قولۇڭلاردىكى بۇ كىتاپ نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1980-يىل 2-ئايدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»نىڭ ئىككىنچى توپلىمى. بۇنىڭغا يولداش سۇلتان ماخمۇتنىڭ قولىدا توپلىغان خەلق قوشاقلىرى كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «يولەن ناخشىسى» «قىز كوچۈرۈش ناخشىسى»غا ئوخشاش قوشاقلار بىرىنچى توپلامدا بولسىمۇ، بىر ئاز ئوزگىچىلىگى بولغاچقا، تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن تەكرار ئېلىندى.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن قوشاقلارمۇ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن قوشاقلارنىڭ يەنە بىر قىسمى. بىز مۇشۇ شەكىل بىلەن خەلق قوشاقلىرىنى داۋاملىق نەشر قىلىپ تۇرماقچىمىز. كەڭ كىتاپخانلارنىڭ ۋە خەلق قوشاقلىرىنى توپلاۋاتقان يولداشلارنىڭ يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىنى ۋە پىكىر بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


1. تارىخىي قوشاقلار ........................... 1
شىڭشىڭشا ھەققىدە ........................... 1
"پالانىدى"لارنىڭ ئاھ-زارى ........................... 4
زىندانىدىكى توختاخۇن ھەققىدە ........................... 7
ئايىمخان ھەققىدە ........................... 9
مىرزا گۈلۈم تاڭ ئاتۇر ........................... 10
تۆمۈر خەلپە ھەققىدە ........................... 11
1931 - يىللىقى دىخانلار قوزغىلىڭى ھەققىدە ........................... 13
يالغۇز تۇيۇم ناخشىسى ........................... 15
2. غېرىپ - مۇساپىرلىق قوشاقلىرى ........................... 17
3. مۇھەببەت قوشاقلىرى ........................... 27
نازىگۈل ھەققىدە ........................... 98
زەيتۇنخان ھەققىدە ........................... 99
باسما كوينەكلىك جۇگان ........................... 101
قارا كوز ........................... 101
ئاتاڭ قىچقاردىمۇ كەكلىك ........................... 102
4. مەشرەپ بېيىتلىرى ........................... 103

يار سەنەم.............................. 103
يولەن ناخشىسى ............................ 106
قىز كوچۇرۇش ناخشىسى ...................... 107
يۈز ئاچقۇ ناخشىسى......................... 108
يارەي ناخشىسى ............................. 110
5. باشقا مەزمۇنلاردىكى قوشاقلار ........................ 116

# 1. تارىخىي قوشاقلار

## شىڭشىڭشا① ھەققىدە

شىڭشىڭشا دىگەن گوبى
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
قۇمۇل يولىغا قاراپ،
ئاقتى كوزنىڭ قاراسى.

شىڭشىڭشانىڭ ئارلىغى
ئۇچيۈز ئاتمىشنىڭ يولى②.
شىڭشىڭشاغا تولا قاتراپ،
يىرتىلدى پىخەينىڭ سوڭى.

① شىڭشىڭشا — قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ گەنسۇ ئولكىسىگە تۇتاشقان يىرىدىكى قىسىنچاق تاغ جىلغىسى. بۇ قوشاقلار قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇت دەۋرىدە شىڭشىڭشاغا يول ياساش ئۇچۇن ئالۋاڭغا تۇتۇلغان ئەمگەكچىلەر تەرىپىدىن توقۇلغان ۋە خەلق ئاغزىدا ناخشا بولۇپ ئىيتىلىپ كەلگەن.

② قۇمۇل بىلەن شىڭشىڭشا ئارىلىغى تەخمىنەن 360 يول يەنى 180 كىلومىتىردەك كىلىدۇ.

شىڭشىڭشا ئۆزى گوبى،
تاغ ئىچىدە يول ئاچقان.
گاڭنىڭ① دەستىدىن خەقلەر
قۇمۇلدىن يىراق قاچقان.

شىڭشىڭشانىڭ يولىدا
گوبى بىلەن تاغلار بار.
بۇ يولدا ئازاپ چەكتۇق،
دىلدا ئاچچىق داغلار بار.

شىڭشىڭشاغا ماڭغاندا
يولدا ئۆلدى ئاتلىرىم.
ئايىغىمغا تاش پاتتى،
كوككە يەتتى ئاھلىرىم.

ئۈچ يىل ھەيدەپ هارۋىنى
ئىككى قامچا چۇشۇردۇم.
ئەلتومۇر②دە ياتقاندا،
ئاتا - ئانامنى چۇش كوردۇم.

ئات - هارۋىلارنى ھەيدەپ
كۇشۇيگە③ بارغىچە كەچ بولدى.

① گاڭ — ۋاڭ
② ئەلتومۇر — جاي (ئوتەڭ) ئىسمى.
③ كۇشۇي (ئاچچىقسۇ) — جاي ئىسمى

ئاچچىق سۈنى بىز ئىچىپ،
تاڭ ئاتقۇزماق تەس بولدى.

كۈشۈينىڭ سۈيى ئاچچىق،
مەنزىلى ئاندىن قاتتىق.
گەنچەي①لەرنى ھەيدەتكەن
شاڭيو دىگەن مۇناپىق.

شا مەخسۇتنىڭ زۇلمىتى
شىڭشىڭشانى كورسەتتى.
ئىككى تال قامچا بىرىپ
دىڭگىرما②نى ھەيدەتتى.

شا مەخسۇتنىڭ دەۋرىدە
ھالىمىز ئىغىر بولدى.
كەجۇ③لارنى كوتىرىپ
مۈرىمىز يىغىر بولدى.

ئىگىز تاغنىڭ باغرىغا
ئاقتى يامغۇر تامچىسى.

---

① گەنچەي — ھارۋىكەش.
② دىڭگىرما — سوك - سوك ئات.
③ كەجۇ — تەختىراۋان.

ئاتا - ئانىدىن ئايرىلغان
زالىم گاڭنىڭ ①قامچىسى.

## ”پالاندى“لارنىڭ ئاھ - زارى

نوم② دىگەن بىر چەت يېزا،
ھەجەپ ئىسسىق جاي ئىكەن.
خەلقنىڭ دەرمانى يوق،
ئەتراپى جاڭگال - ساي ئىكەن.

نوم دىگەن سۇ ئايىغى،
يۇلغۇن، تىكەننىڭ سانى يوق.
ھاۋاسى ئىسسىق، جارى③ قاتتىق،
خەلقنىڭ ئىمكانى يوق.

نوم دىمەڭلار، نوم دىمەڭلار،
نوم دىگەن زىندان ئىكەن.

---

① گاڭ — قۇمۇلدا ۋاڭ سوزى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

② نوم— ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا يېقىن چەت يېزىسى بولۇپ، ئوتمۇشتە ۋاڭ تەرىپىدىن قارىلانغان - لار مۇشۇ جايغا پالانغان. بەزىلىرى شۇ جايدىكى زىندانغا سېلىپ چىرىتىۋېتىلگەن.

③ جارى — ۋاڭنىڭ بۇيرۇق، پەرمانلىرى.

يولىرى قارغۇ تىكەن،
خەلقلىرى ئالۋاڭدىكەن.

بەك غېرىپ بولدى كىشى
باغراش دىگەن تاغ ئىچىدە،
قانىتىم بولسا ئۇچارمەن
قاپ ـ قاراڭغۇ كېچىدە.

كەلمىگەن يەرگە كېلىپ
ئەندىشىدە قالدى كىشى.
چەككىلى تاماكا يوق،
مۇڭداشقىلى نەدە كىشى.

زوركىنىڭ① باشىغا چىقسام
كورۈندى قۇمۇل باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
سىرىلدى سەرۋەك② تاغلىرى.

قۇمۇلۇمغا كېتىمەن،
نومىلىرىڭ قالسۇن ساڭا.
"دولىتىڭ"نى خويما كوردۇم،
رۇخسىتىڭ بولسۇن ماڭا.

---

① زوركى ــ تاغنىڭ نامى.
② سەرۋەك ــ تاغنىڭ نامى.

*

ھاراق دىگەن ئاچچىق نىمە
شىڭ ـ شىڭ قايىنايدۇ.
چىڭ گاڭ غوجام كايىپ قالساھ
نومغا پالايدۇ.

لوم دىگەنمۇ، باي① دىگەنمۇ
پاشانىڭ يۇرتى.
پالىسىمۇ، ئۇلتۇرسىمۇ
پاشانىڭ مەيلى.

كۈچ ـقۇدرەتلىك ئىگەم ئاللا
ئالەمنىڭ شاھى.
خۇدايىمغا يەتمەمدىكەن
بەندىنىڭ ئاھى!

*

ئەي كاژ پەلەك نىمە دىسەم
بولۇركىن سىنى؟
زۇلۇم ـ كۈلپەت ئارقىسىدا
چىرمادىڭ مىنى.

---

① باي ــ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى بىر جاي.



AltunOq

زىنداندىكى توختاخۇندەك،
قىينادىڭ مېنى.
دەرت ـ ئەلەمدىن بىردەم خالى
قىلمادىڭ مېنى.

قىيناۋەرمە، قىيناۋەرمە
ئۇۋالىم باردۇر.
قىيامەتكە بارغىنىمدا
سوراغىم باردۇر.

## زىنداندىكى توختاخۇن① ھەققىدە

يالغۇز جىگدە ئۈستىگە
سىغىزخان قونۇپ سايرىدى.
گاڭ غوجام كايىپ قىلىپ
پىقىرنى نومغا پالىدى.

---

① توختاخۇن، ئاقكوڭۇل ئەمگەكچان دېخان بولۇپ، ئۇنى قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت يوقىلاڭ تۆھمەت بىلەن نومغا پالاپ، شۇ جايدىكى زىندانغا سولىتىۋەتكەن. توختاخۇن بىر ئامال بىلەن زىنداندىن قېچىپ چىققان بولسىمۇ، بىراق ئۇنى ۋاڭنىڭ چاپارمەنلىرى تۇتۇۋېلىپ زىنداندا قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. توختاخۇن توغرىسىدا خەلق ئىچىدە داستان پەيدا بولغانلىغى مەلۇم، بىز ئاراتۇرۇك ناھىيىسى ۋە نومغا بېرىپ بۇ داستاننى خېلى كۆپ سۈرۈشتۈرۈپ باققان بولساقمۇ تاپالمىدۇق. پەقەت كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغان يۇقۇرقى بىرقانچە كوپلېت قوشاقنى خاتىرىلىۋالدۇق.

مەن كېتەرمەن نومغا ئەمدى
ھەۋىخان، توقاچ يېقىڭ
ئۈچ بالام قالدى يېتىم
خار ئەيلىمەي ئېزىز بېقىڭ.

نومدا مەن كەتسەم ئۆلۈپ،
كوزۇمنى قۇزغۇنلار چوقۇر.
گاڭ غوجامنىڭ قىلمىشىغا
بارچە ئەل لەنەت ئوقۇر.

قاراڭغۇ زىندان ئاستىدا،
ياتىمەن ئاھلار ئۇرۇپ.
قانغىدەك سۇ ئىچمىدىم
تەنلىرىم كەتتى قۇرۇپ.

قاچتىم ئەجەل زىندانىدىن،
ماڭدىم چىغىر يول ياقىلاپ،
قوغلىدى جىسەكچىلەر
سۇرەن سېلىشىپ ۋاقىراپ.

مەن يۇرتۇمغا يېتىۋالسام،
دىلدا نە ئارمان ئىدى.
باللىرىمنى كورۇۋالسام
ماڭا كوپ دەرمان ئىدى.

مەن قومۇشلۇقتا تۇتۇلدۇم
ئەمدى ھالىم نە بولۇر...
يالماۋۇز پايلاقچىلار
مېنى كالتەكلەپ ئۇرۇر.

## ئايىمخان① ھەققىدە

زىندان تېمى ئىگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گورۇستان.
ئەرەنلىكچە بەل باغلاپ،
شېھىت بولغان ئايىمخان.

ئايىمخاننى ئېپ چىقتى،
تورت تەرىپىنى توراپ.
بېشىنى ئالۇر چاغدا
قىلىۋى قايان دەپ سوراپ.

تۇلۇن ئايدەك ئايىمخان
پەرىزاتتەك يارالغان.

---

① ئايىمخان قۇمۇلدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ناھايىتى گۈزەل، ئەقىللىق ئايال ئىكەن. قۇمۇل ۋاڭى ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن بولۇشقا زورلايدىكەن. ئايىمخان ۋاڭنىڭ بۇ تەلىۋىنى قەتئىي رەت قىلىدىكەن. ۋاڭ بۇنى ئاڭلاپ ئايىمخاننى نوم دىگەن جايغا پالاپ، زىندانغا سالىدىكەن. ئايىمخان داۋاملىق قارشىلىق كورسەتكەنلىگى ئۈچۈن ئاخىر ئولۇمگە بۇيرۇلىدىكەن.

ئۆزەڭ شېھىت بولساڭمۇ،
نامىڭ ئەلگە تارالغان.

## مىرزا گۇلۇم تاڭ ئاتۇر

ئاسماننى بۇلۇت باستى،
كورۇنمەيدۇ يۇلتۇز - ئاي.
قىزىلگۇلدەك يارىمدىن
ئايرىۋەتتى قازى، باي.

زوراۋانلار دەستىدىن
ھەجەپ تولا خارلاندىم.
جۇدا بولۇپ جاناندىن،
مەنمۇ نومغا پالاندىم.

كوك ئاسماندا ئاي ياتۇر
مىرزا گۇلۇم، تاڭ ئاتۇر.
تاڭ ئاتقاندا ئامرىغىم،
بىزنى جەم قىلىپ قاتۇر.

## تۆمۈر خەلپە① ھەققىدە

تۆمۈر خەلپە ئاتلاندى
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
دۈشمەن ئەسكىرى قاچتى
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

ئۈچ كۈرە بوغداي ئۈن تارتتى،
بىر چۈشلۈككە ئاش بولدى.
تۆمۈر خەلپە دېگەن باتۇر
دېخانلارغا باش بولدى.

دۈشمەنلەرمۇ ئاتىدىكەن،
يەرنى كولاپ ياتىدىكەن.
تاغچىلارمۇ ئاتىدىكەن،
مىڭىسىنى چاچىدىكەن.

كوتەل بېشى تەڭشىندە②
تەسكەن③ ئۆتۈن چاپتۇق بىز
قىرىن بىلەن شەر سوقۇپ،
ئوتتۇرسىدا ياتتۇق بىز.

---

① تۆمۈر خەلپە — 1912 - يىلى قۇمۇلدا قوزغالغان دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى.

② كوتەل، تەڭشىن — يەر ناملىرى.

③ تەسكەن — بىر خىل گىيا.

ئۈچ يىل ياتتۇق شۇ يولدا،
ئارچا بىلەن ئوت قالاپ.
باپلايلى دەپ راسلىنىپ،
دۈشمەن يولىغا قاراپ.

قۇرايلىقمۇ① تومۇرخان،
پۈتۈن تاغلىق قوزغالغان.
غول ئىچىدە چېرىكلەر
مىڭمىسىدىن قان چاچقان.

خويما قاتتىق جەڭ بولدى،
كۆشۈتىدىكى② دەڭدە.
جىڭ تەي بىلەن ئېتىشىپ،
سىيىت ئۇلدى شۇ يەردە.

تومۇر خەلپە خوخەنزە،
ياۋغا ئوقلار يىگۈزدى.
مەن - مەن دىگەن دارىنىنى
قاراڭ، خوش - خوش دىگۈزدى.

كۆشۈتىنىڭ داۋانىدا
ئات كوكسىدە جۈغۈلا.
تومۇرنى تۈتۈپ بەردى،
مەمەت قۇلدەك دوغۇلا(ر).

---

① قوراي، ② كۆشۈتە — جاي ناملىرى.

قوراي يولى ھەيۋەتلىك،
ئۈنىڭ ئىچى زارەتلىك.
مۈرادىغا يەتمىگەن
تومۇر خەلپە رەمەتلىك.

## 1931 - يىلقى دىخانلار قوزغىلىڭى ھەققىدە

خوجىنىياز، سىز ئەمدى
ئادالەتلىك جەڭ قىلىڭ.
ھەممە تاغنىڭ چوڭىنى
ئۆزىڭىز بىلەن تەڭ قىلىڭ.

خوجىنىياز لۈيجاڭ بولۇپ،
تاغ ئىچىدە جەڭ قىلغان.
باتۇرلارچە سوقۇشۇپ،
ئۆلۈك بىلەن شەر قىلغان.

يىتىم بۇلاقتا① بارغاندا،
پازىل دوغىدىن تەر چىقتى.
بەش چىرىكنى ئۆلتۈرۈپ،
ئىمىن پالگان ئەر چىقتى.

① يىتىم بۇلاق — جاي ئىسمى.

ئىمىن پالگان ئەر چىقىپ
سالوۋا①غا باشلىدى.
ئۆندىن قاچقان دۈشمەنلەر
بەرەم تونىنى تاشلىدى.

ئىمىن پالگان ياخشى ئەر،
ھەممە ئىشنى ئەپلىگەن.
ھۈركۈپ قاچقان دۈشمەننىڭ
توغراققا بېشىنى كەپلىگەن.

ئابدۇنىياز دۈيجاڭ بولۇپ،
ھەممە ئىشنى باشلىدى.
ئىچىدە ئۆي - پەمى يوق،
قاملاشتۇرالماي تاشلىدى.

قاملاشتۇرالماي تاشلىغىنى،
خوتۇنى ئۇنى باشلىغىنى.
ھەممە خالايىق بىلىڭلار
ئۇنىڭ يوەشاق باشلىغىنى.

سادىر قورمال ياخشى ئەر،
ھەممە ئىشنى ئويلىغان.
ھوجۇم قىلغان چېرىكنىڭ
بىرىنى قويماي قوغلىغان.

---

① سالوۋا — جاي ئىسمى.

ئاناڭلار بولۇر رازى،
ئاناڭلار بولۇر رازى.
ئۇلسەڭلار شېھىت ئۇلۇڭلار
قالساڭلار بولۇپ غازى.

نىياز بەگ تۇلۇم چاشقان،
ئالۋاڭنى تولا چاچقان.
خەلق قوزغىلىپ چىقسا،
توشقاندەك بەدەر قاچقان.

ئېگىز تاغنىڭ ئارقىسىدا
كاتتا-كىچىك شەرلەر بار.
دۈشمەنلەرنى تىكىلەتكەن
بىزدە پالگان ئەرلەر بار.

بىز ئۇلسەك ئۇلۇپ كەتتۇق،
ئەل-يۇرتلار ئامان قالسۇن.
بىزنى دىگەن يارەنلەر
ئۇلمەستىن ھايات قالسۇن.

## يالغۇز تۇيۇم قوشىغى

يالغۇز تۇيۇم بىر پارچە تاش،
بۇلۇتنى قۇرغان.

ئاتمىش ئالته گودەكنى .
بۇغدايدەك ئورغان.

يالغۇز تۇيۇمنىڭ ئارقىسى
قاپقارا سايدۇر.
ئەمەر باتۇر مىنگەن ئاتى
كوك ئالا تايدۇر.

كوك ئالا تايىنى مىنىپ،
شامالدەك چاپقان.
مەن - مەن دىگەن يارانلارنىڭ
هالىنى سورىغان.

يالغۇز تۇيۇم يالغۇز خادا،
سۇلارنى سەپكەن.
ئوزى پىقىر، كوڭلى سۇنۇق،
ئاسماننى تەپكەن.

ئومەر باتۇر خاس ئەر ئىدى،
ئالەمدىن ئاشقان.
ئاتىنى قويۇپ، تايىنى مىنىپ،
خوتەنگە قاچقان.



AltunOq

## 2. غېرىپ - مۇساپىرلىق قوشاقلىرى

غېرىپ بولدۇم، غېرىپ بولدۇم،
غېرىپ بولغانغا يىغلايمەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
يېتىم بولغانغا يىغلايمەن.

ئاققىنا گومبەز ئىچىدە،
ئاقىرىپ ياتقان ئانام.
بى ۋاقىت كوزنى يۇمۇپ،
بىزنى يېتىم قىلغان ئانام.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىپ بولماس ئىدى باشىم.
غېرىپلىقتا تولا يىغلاپ،
كوزۇمدە قالمىدى ياشىم.

غېرىپ دەيدۇ، غېرىپ دەيدۇ،
غېرىپ بولماسقا چارەم يوق.

پىشانەمگە پۈتۈلگەننى،
مىنىڭ تارتماسقا چارەم يوق.

دۇتتارىمنىڭ تارى يوق،
ئۆزەم چالماققا چارى يوق.
دەردى بارلار تىڭشايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

ئاق ئەلەم، يىشىل ئەلەم،
يارىمنىڭ قىشى قەلەم.
ھىچ كىشىگە كەلمىسۇن،
ماڭا كەلگەن دەرت - ئەلەم.

قارىسام كوزۇم يەتمەس،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.
بىشىمغا بالا كەلدى،
يىغلىماي كۈنۈم ئۆتمەس.

بىغىڭ بەكمۇ ھاۋالىق،
كورسەم كوڭلۈم سەگىيدۇ.
يۇرتۇمنى خىيال قىلسام،
كوزۇمدىن ياشىم ئەگىيدۇ.

ئاشخانىغا مەن كىرسەم،
چىنىتەخسىدە ئاش كەلدى.

يۇرتلارنى خىيال قىلسام،
قارا كوزۇمگە ياش كەلدى.

ماشرەڭ چاپىنىم بارتى،
ئوت چاچراپ كويۇپ كەتتى.
جىنىمغىنا شۇ ئاتام،
يامان چاغدا ئولۇپ كەتتى.

هاراق ئىچىدۇ دەيدۇ،
تاماكا تارتىدۇ دەيدۇ.
هەركىم هەرنىمە دەيدۇ،
دەرت كەلمەيدۇ، بىلمەيدۇ.

ئالما شېخى، گۇل شېخى،
ئەگمىگىچە قايرىلماس.
غېرىپلىقتا سويگەن يار
ئولمىگىچە ئايرىلماس.

ئىشىك ئالدى كەڭ ئېرىق،
كەڭ ئېرىقتا مىڭ بېلىق.
سەن ئۇ يەردە، مەن بۇ يەردە،
سەن مۇساپىر، مەن غېرىپ.

قۇمۇل شەهرىدىن چىقسام،
مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟

غېرىپلىقتا ئۇلۇپ كەتسەم،
ماڭا يىغلار كىشى بارمۇ؟

قازاندەك قايىندىم، تاشتىم،
كېزىپ چۆللەر، داۋان ئاشتىم.
غېرىپلىق شەھرىگە چۈشتۇم،
مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟

قېنى قوۋمى-قېرىنداشىم،
بۇ يولدا يوقمۇ يولداشىم.
كوزۈمدىن قان ئاقار ياشىم،
مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟

ئاشارمەن دەشت بىلەن سەھرا،
كېزەرمەن چۆل بىلەن دەريا.
كىيىكلەرگە بولۇپ ھەمرا،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

تۇرارغا تاقىتىم يوقتۇر،
كېتەرگە ھالىتىم يوقتۇر.
كاككۇكلار بىزنى ئۇقتۇر،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

☆

قۇم قازان تۇتقان بىلەن،
قولۇمدا يوقتۇر قارىسى.
غېرىپ بولۇپ يىدىم تاياق،
دولامدا كۆپتۇر يارىسى.

نەقىلاي، نىمە قىلاي،
بۇ ئۆلۈمگە چارى يوق.
مەن ئۆلۈپ لەھەتتە ياتسام،
ھىچ كىشىنىڭ كارى يوق.

يارىم بولسىدى مېنىڭ،
غېرىپ بولماس ئىدى باشىم.
غېرىپلىق شەرىدە يىغلاپ،
كوزۇمدە قالمىدى ياشىم.

ساماندەك ساغىرىپ بولماس،
بۇلۇتتەك ئاقىرىپ بولماس.
قىممەتلىك، ئېزىز جاننى،
يامانغا خار قىلىپ بولماس.

ئېرىقنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپاي دىسەم كەتمەن يوق.



AltunOq

دەردىمنى ئېيتاي دىسەم،
ماڭا ئوخشاش دەتمەن يوق.

مەن ئۇلسەم ئېتىم يۈتەر،
بېشىمدىن شامال ئوتەر.
مېنى دىگەن دوستلىرىم،
ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ كېتەر.

قوش غېرىپ بولدى كىشى،
باغراش دىگەن تاغ ئېچىدە.
قانىتىم بولسا ئۇچارمەن،
قاپ - قاراڭغۇ كېچىدە.

تاغدا كىيىك بالىسى،
سەنمۇ يىتىم، مەنمۇ يىتىم.
مەن سېنى يوقلاي دىسەم،
يوقتۇر مېنىڭ ئاق بوز ئېتىم.

ئاتا - ئانام كويۇگى داغ،
ئۇلۇپ كېتەرنى بىلمىدىم.
بۇ مېنىڭ ئۇلان① بېشىم،
مۇڭغا قالارنى بىلمىدىم.

---

① ئۇلان — ئەركىن

مەن ئاتام دەپ يىغلىسام،
ياشىم كوزۈمدىن قۇرىماس.
توختىسا توختار يېشىم،
ئاتامغا ھېچكىم ئوخشىماس.

مەن بۇياقتىن قارىسام،
يۇرتۇم مېنىڭ تۇز كورۈنەر.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
جانىم بالام ئۇز كورۈنەر.

مەن ئوزەم كىچىك بالا،
ئىككى توقۇم سالدۇرىمىدىم.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ،
كىچىكلىكنى چاندۇرمىدىم.

باغىڭغا كىرەر بولساڭ،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
شەرىڭگە مۇساپىر مەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

نە قىلاي، نىمە قىلاي،
غېرىپ كوڭۇلنى ئۇلىماي.
ئەر بولسام كەتمەسمىدىم،
ئىچىمگە دەرتنى سولىماي.

ھەجەپمۇ تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بىلەن قىرىشقاندەك.
غېرىپ مەن، مۇساپىرمەن،
لاچىن سوققان توشقاندەك.

غېرىپ ئەۋارىدۇر كۆڭلۈم،
ماڭا تىپ-تىنچ ماكان بولماس.
غېرىپلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
خۇنۇم ئەلگە ئايان بولماس.

☆

ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتىۋىدا
كويدى پىشانەم.
ئۆلۈپ كەتسەم قالۇرمۇ
نامۇ-نىشانەم.

قارلار يېغىپ ياز بولمايدۇ
باغراشنىڭ تاغى.
دەرت كەلگەندە پايلىمايدۇ
يۈرەكنىڭ داغى.

ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس
مىنىڭ ھالىمنى.

ئىگەم ئاللا ئۆزى بىلەر
سارغايغانىمنى.

ئاتىلىقلار ئاتام دېسە
قويۇلدى ياشىم.
ئانىلىقلار ئانام دېسە
ئېگىلدى باشىم.

بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسە بار
ئىزدەپ تېپىلماس.
بىرى ئاتا، بىرى ئانا
بىرسى قېرىنداش.

قېرىنداشنى يەرگە سېلىپ
تېرىسام ئۈنمەس.
كۆز يېشىمنى دەريا قىلىپ
سۇغارسام قانماس.

قارا كېچە، قارىياغاچ
مېنىڭ يولداشىم.
يوپۇرمىقى شىلدىرلايدۇ،
تۆكۈلدى ياشىم.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق
تەستۇر يەتمىشىم.

غېرىپلىقنىڭ ئازاۋىدىن
قاتماقتا بېشىم.

ئاتام مېنى نەدە دېسە
چول يەردە دەڭلار.
كوزىدە ياش، كوڭلىدە غەم
يۇرىدۇ دەڭلار.

غېرىپتۇرمەن، غېرىپتۇرمەن
زار يىغلاپتۇرمەن،
غېرىپلىقتا زەپىرەڭدەك
سارغىيىپتۇرمەن.

بۇ مېنىڭ سارغايغىنىم
غېرىپلىغىمدىن.
ئويناپ كۇلۇپ يۇرگىنىم
ئېرىكلىگىمدىن.



AltunOq

## 3. مۇھەببەت قوشاقلىرى

گۈللا بولسا گۈل بولامدۇ،
قاتى - قاتى بولمىسا.
يار دىگەنگە يار بولامدۇ،
ئېتىقادى بولمىسا.

ئاتنىڭ ئوبدىنى بولسا،
تاغنى يايلىمايمەنمۇ.
يارنىڭ ئوبدىنى بولسا،
جاننى خەجلىمەيمەنمۇ.

قارا قاشىم بار مىنىڭ
كويدۇرمە قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بار مىنىڭ
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

بارار يوللىرىم تۈزدۇر،
كېچە ماڭا كۈندۈزدۇر.

مېنى ھەرگىز تونۇماڭلار،
يارىم ئويدە يالغۇزدۇر.

يارىم ياتىدۇ غەمدە،
گۈلنىڭ تۈۋىدە ـ نەمدە.
مەن بۇيەردە ناخشا ئېيتسام،
يار كويمەمدۇ ئەلەمدە.

ئۇلۇغ دەريانى كەزدۇرگەن
گىلاڭ① تاغدىكى مۇزدۇر.
يۈرىگىمگە ئوت سالغان،
كوڭلى تاش قارا كوزدۇر.

بارغىچە يوللار قاراڭغۇ،
جۇپ چىراق نەدىن كېرەك.
يارغىنەم يالغۇز تۇرامدۇ،
يارغىمۇ ھەمرا كېرەك.

گۈللەر تېرىدىم تۈزدە،
ئېچىلىدۇ كەچ كۈزدە.
سىز باققان ئۇچۇن بىزگە،
بىزنىڭ كوزىمىز سىزدە.

---

① گىلاڭ ـــ ئېگىز.

ئوقۇيمىز خوجاپىز①نى،
خۇدا ئايرىمسۇن بىزنى.
ئەقىللىق ۋاپادارىم،
دەمەن ئولگىچە سىزنى.

بىز كىرگەن قومۇشلۇقتا
يولۋاسلار كىرەلمەيدۇ.
بىز سويگەن گۇزەل يارنى
خان - بەگلەر سويەلمەيدۇ.

بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
تۇگەپ قاپتۇ يىمەستە.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
ئۇل خالايىق بىلمەستە.

ئويگە كىردىم، تورگە باقتىم،
توردە بىر ئاي ئولتۇرۇر.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك
كوزلىرى ئويناپ تۇرۇر.

ئىشىك ئالدى قۇم بولسا،
قاپاق تېرەك ئوسمەمدۇ؟

---

① خۇجاپىز — پارس شائىرى خوجاھاپىز شىرازى.

كوڭۈلدىكى يار بولسا،
كوڭۈل تاغدەك ئۆسمەمدۇ؟

بەلۋېغىمنىڭ يوقىدىن
بېلىمگە باغلىدىم ياغلىق.
ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇ،
يار دەردىدە مەن ئاغرىق.

ئىشىك ئالدى قارىياغاچ،
پالتا ئۇرسام تېگى تاش.
سېنى ئالسام ئارمان يوق،
جاننى ئالغان قەلەمقاش.

ماڭا قاراپ ئېگىلمەس
باغدىكى قىزىل ئالما.
مەن غېرىپ بىچارىنى
دوزاق ئوتىغا سالما.

يايرىم بەرگەن خەتلەرنى
يانچۇغۇمدا ساقلايمەن.
يارغا بەرگەن ۋەدەمنى
تائەبەتكە ئاقلايمەن.

چوڭ دەرۋازا ئىچىدە
قىزىل خوراز سولايمان،

مەن كويسەم ئوتىڭىزدا
سىز يۈرىسىز خىرامان .

ئات بولسا يورغا بولسا،
توقۇسا مىنسە كىشى .
يار بولسا ياندا بولسا ،
ئوينىسا ، كۈلسە كىشى.

مەن كورۇپ سېنى جانان،
غەمگە موپتىلا بولدۇم .
ئوتتى ياقتىڭ يۈرەككە ،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.

تاغدىن كەلگەن شامالدىن
مەن يارىمنى سورايمەن .
يارىمنى كىلىۈرمۇ دەپ
يولىغا چىقىپ قارايمەن .

يولدا ياتقان چار ئىلاننىڭ
بوينىغا زەنجىر سالاي .
ئوتى يوق بىھۇش يىگىتنىڭ
ئىچىگە ئوتلار سالاي.

كويدۇرمىگىن ، كويدۇرمىگىن ،
ئوچاققا تىزغان چالمىدەك .


AltunOq

مېنى سارغايتما جېنىم ،
بىچارە غېرىپ بالىدەك .

يارىم سېنىڭ ، يارىم سېنىڭ
جۇپتى ئانارلىڭ بارمىدۇ ،
سەن غېرىپ قوۋمى تۇرۇپ
غېرىپنى سورارلىڭ بارمىدۇ .

سازەندە يىگىت ، ساز يىگىت ،
سازىڭنى ئەمدى چالسىنا .
ئارىدا ئەلچى قويۇپ ،
ئۇز ئاغزىدىن سوز ئالسىنا .

جۇپ ئۇزۇك قولۇمدا بولسا ،
ئالەمئارا يايرامدىمەن .
بىردەم ئايرىلماس جېنىمنىڭ
ئوتىغا پايلامدىمەن ،

دىلبىرىم ، ئايدەك يۈزۈڭگە
زەيتۇنە خالىڭ مەن بولاي .
كېچە يېنىڭدا يېتىپ ،
كۈندۈز خېرىدارىڭ بولاي .

سەن مېنى يار ئەتمىسەڭ
دۇنيادىن يارسىز ئوتەي ،

كويگىنىمنى بىلمىسەڭ
باغرىمنى يېرىپ كورسىتەي .

قارا غوللارنىڭ سۈيى
قاراڭغۇ باغلارغا ئاقۇر .
ئاي خېنىم ، تىللا خېنىم ،
يۈرەككە ئوتلارنى ياقۇر .

ماڭسەن بىر - بىر بېسىپ ،
دەريا سۈيىدەك ئايرىلىپ .
مۇنداقمۇ باغرىڭ قاتارمۇ ،
باقمىدىڭ بىر قايرىلىپ .

ئوتلىرى قىلدى كاۋاپ ،
باغرىمنى يېرىپ باقسىلا .
سۇ قۇيسام ئوچمەيدىغۇ
مۇز بولسا دەرھال ياقسىلا .

بىر سېلىم تاماكىنى
يارىم ئەۋەتىپتۇ ماڭا .
ئىچىمگە چوغنى سېلىپ ،
داغلاپ ئەۋەتىپتۇ ماڭا .

لەيلىگۈل غۇنچىسىنا
ئۈگىنىپتۇ تۇمۇچۇق .

بۇدۇنيادا بارمىكىن
ئۇزلەردەك زېھنى ئوچۇق ·

ئۇزلەرگە قارىسام
قىرچىن تالدەك بويلىرى ·
ئويناپ تۇردۇ كوزلىرى ،
سايراپ تۇردۇ سوزلىرى ·

بىر قاراپ ، ئىككى كۇلۇپ ،
جاننى ئالغان ئۇزلىرى ·
ئۇزلەرگە ئوخشىماس
جەمى ئالەم ئۇزلىرى ·

مەككىنىڭ مىھرابىدەك
ئەگىم - ئەگىم قاشلىرى ·
تارتىدۇ دىل زۇقىنى
كىيىكتەك ئويناشلىرى ·

باققا كىردىم گۇل ئۇزەي دەپ
گۇل تۇرار شاخى بىلەن ·
گۇل ئېچىلغاندا كىرەي ،
باغلاپ بېرىڭ باغى بىلەن ·

باققا كىردىم گۇل ئۇزەي دەپ ،
گۇل سۇيى گۇلگە تامۇر ·

ئارزۇلۇقنىڭ ئارزۇسى
يارنى كورگەندە قانۇر .

يارغىنەم گۇل بېرىدۇ ،
باغدا تۇرۇپ يەڭ ئىچىدە،
گۇلنى مەن قانداق ئالاي،
شۇنچە خالايىق ئىچىدە.

رەڭمۇ - رەڭ گۇللەر ئىچىدە
ئەتىيازدىن كۇزگىچە،
ھەركىشى يارىنى تاپسا ،
شۇنىڭ قەدرى شۇ كېچە .

بارغىلى باردۇر خىيالىم ،
يانغىلى يوق تاقىتىم .
مەن باراي يارغا دېسەم
ئۇچقىلى يوق قانىتىم .

كۇيۇمەنا ، كويۇمەن
قېشى قاراغا كويۇمەن ،
قېشىغا قاراپ تۇرۇپ
شىكەر لېۋىگە سويۇمەن .

ئوستەڭ بويىدا يالپۇز ،
يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز .

مەن ئولسەم تىرىلمەيمەن
يارىم قالدۇ يالغۇز .

يارنىڭ كىيگەن كوينەگى
قىزىل دۇردۇن تاۋادۇر .
شۇ يارىمدىن ئايرىلسام
ئولمەك ماڭا راۋادۇر .

شاپتۇل تاللاپ يەيمەن دەپ
باققا كىردىم شورىدىن .
قەلەم قاشتىن ئايرىلدىم
ئوگەي ئانا زورىدىن .

يۇرۇك يارىم مەن بىلەن
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە .
مىنى ھەرگىز قاخشاتماڭ
كىرىپ دۇشمەن كەينىگە .

يۇرىگىم غەلۋىرگە ئوخشاش
قويسىلا تۇرماس تېرىق .
دەرتلىرىنى تولا تارتىپ
بولدى رەڭگىم ساپ - سېرىق .

قار بىلەن مولدۇر يېغىپتۇ ،
كەلمە يارىم، ئىز بولۇر .


AltunOq

ئاخشام كېلىپ، ئەرتە يانساڭ
بارچە خەققە سوز بولۇر.

قېشىڭ دەيمۇ، كوزۇڭ دەيمۇ،
سىياقىڭ قىلدى دىۋانە.
جاھان - ئالەمدە بارمىكىن
سېنىڭدەك ياخشى رەنانە.

سەن تېرىق تېرىمىساڭ
قۇشقاچ كېلىپ قونارمىدى.
سەن كۆلۈپ ئوت سالمىساڭ
بۇ يۈرەك يانارمىدى.

ئامرىغىمنىڭ ئوزىنى،
قايدىن تاپارمەن سوزىنى.
ياغلىغىمنى توگۇۋالدىم،
سايدا باسقان ئىزىنى.

كەچ بولۇپ يۇلتۇز چىقىپتۇ،
مەن قاچان ئويگە ياناي.
بىرگىنە ئالما بېرىڭ،
يولداش قىلىپ ئويگە ياناي.

بارارىڭنى باغدا كوردۇم،
يانارىڭنى كوچىدا.

كوچىدا باسقان ئىزىڭ،
بولدى كوزۇمگە تۇتىيا.

باققا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ،
ئۈزمىدىم بىردانە دەپ.
سەن مېنى يار تۇتمىدىڭ،
ئەقلى كىچىك نادانە دەپ.

ئاي بىلەن كۈننى قېتىپ،
ئەلچى ئەۋەتتىم مەن ساڭا.
ئايمۇ ياندى، كۈنمۇ ياندى،
ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.

تورلۇغۇم غوت - غوت قىلۇر،
ئاق جۈجەمنىڭ بېشىدا.
يۈرىگىم گۈپ - گۈپ قىلۇر،
يارغىنەمنىڭ قېشىدا.

جانىۋار تاپسا تېرەك،
بىردەم ئۇچۇر، بىردەم قونۇر.
ئارزۇلۇق يارىمنى كورسەم،
چاڭقىغان باغرىم قانۇر.

ئاق تېرەكنىڭ تۈۋىدە
يارىم مېنىڭ سازەندىدۇر.

ساز بىلەن ئۇن بېرىدۇ،
دىدار كۆرۈشمەك نەدىدۇر.

× ×

بىزنىڭ ئۆيلەر بۇلاقتا،
خۇرجۇن قاچا ئۇلاقتا.
بىزنى دىگەن يارەنلەر،
يېتىپ قالدى سولاقتا.

خۇمارىما - خۇمارىم،
خۇمارىمدىن ئايرىلدىم.
خۇمارىمنى دەپ بارىپ،
شۇڭقارىمدىن ئايرىلدىم.

دەردى تولا شۇ يارنىڭ،
كوڭلىنىڭ ئارامى يوق.
قاراپ باقسام شۇ يارغا،
مەن كورگەن چىرايى يوق.

يارىم كەتكىدەك ئەمدى،
مەن ئالدىنى توراي‌مۇ؟!
يار كەلگىچە تاقەت يوق
شامىلىنى بۇراي‌مۇ؟

سىلكىنىپ چىمەنگە چۈشتۈم،
ئەي نىگارىم قايدىسەن.
سارغىيىپ ئەۋارە بولدۇم
ساق - سالامەت بارمۇ سەن.

ئاق ساراي بولغان بىلەن،
زەدىۋالى يوق ئىكەن.
ئالدىراپ بەرگەن كوڭۈلنىڭ
ئەتىۋارى يوق ئىكەن.

باغىڭدىكى ئالماڭنى
چىشلەپ يەيمەن، ئۈزمەيمەن.
سىنىڭدەك گۈزەل ياردىن
ئۆلسەم ئۈمىد ئۈزمەيمەن.

ئالمىنى ئايرىدىلا،
شاپتۇلنى قايرىدىلا.
ئەپلىشىپ قالغان كوڭۇلنى
زۇلۇم بىلەن ئايرىدىلا.

"سەن كېتەرىڭگە كېتەرسەن
يادىگار بەرگىن ماڭا"
"يادىگارىم شۇ ئەمدىسىمۇ
ياخشى خۇيلارىم ساڭا"

كېتەەدىلا خوش ئەمدى،
پات كەلسىلە سالامەت.
ئوزلىرىنى تاپشۇردۇم
خۇدايىمغا ئامانەت.

بارسىلا كەلمەيدىلا
ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا.
يىغلىسام ياشىمنى ئېيتاي
ھەمرا بولۇپ تۇرسۇن ماڭا.

ياردىن ئايرىلغىلى
كىمنىڭ خىيالى بار ئىدى.
ئايرىۋەتتى شۇ خۇدايىم
نىمە گۇنايىم بار ئىدى؟

ئاي يۈزلۈكۈم، تال بويلۇغۇم،
يىراقتا كەتسەڭ نەقىلاي.
ساڭا ئۆگەنگەن كوڭۇلنى
ئەمدى كىمگە خار قىلاي.

قاشىڭنىڭ قاراسىمۇ؟
كوزۇڭنىڭ ئالاسىمۇ؟
ئىككىمىزنى قوشمىغان
خۇدانىڭ بالاسىمۇ؟



AltunOq

ئوقداندا ئوقۇم جىق ئىدى،
ئاتقاندا كوڭلۇم توق ئىدى.
يارىم ياندا تۇرغاندا
ئەندۇ① خىياللار يوق ئىدى.

ئاتلارنىڭ ئاراسىدا
مېنىڭدەك ئېتىڭ بارمۇ؟
ئارقاڭغىلا قارايسەن،
يارغا بىر گېپىڭ بارمۇ؟

جېنىم مەشۇق، خېنىم مەشۇق،
جامالىڭنى كورۇرمەنمۇ؟
كويۇڭدا زار - زار يىغلاپ
ئەجەل يەتمەي ئولۇرمەنمۇ؟

دازىڭگو② سەرۋەك ئارا
تىزدا يېغىپتۇ قارلار.
بىزنى ياتلامدىكىن
يىراقتا كەتكەن يارلار.

---

① ئەندۇ ــ فەلىتى.

② دازىڭگو ــ جاي ئىسمى.

مەن ئۆزەم قۇمۇلدا بولسام،
ئاشىغىم ئاستانىدا.
بارساڭلار سالام دەڭلار،
كوزلىرى مەستانىغا.

ئاخىنىم سۇزۇك چىراي،
ئۇتۇڭغا مەن قانداق چىداي.
ئىگىز ئايۋانغا چىقىپ،
تاك ئاتقىچە راۋاپ چالاي.

يۇقۇرى باراي دىسەم،
ئالدىمدا بىر توغرا داۋان.
قايرىلىپ ياناي دىسەم
يارنىڭ ئوتى ئاندىن يامان.

قوي كىتىپ، قويلار كىتىپ،
قوزىسى مەرەپ قالمىسۇن.
يار كىتىپ، يارلار كىتىپ،
ئاشىغى يىغلاپ قالمىسۇن.

يەل بوراندەك يەلپۈنۈپ،
كەتسەم يارىمنىڭ قېشىغا.
مىرزا گۈلدەك ئېچىلىپ
سانچىلىۋالسام بېشىغا.

مېنى تەۋە دىمەڭلار،
مەن ساقايماس ئەمەسمەن.
يارنىڭ شامىلى تەگسە
ساقىيارمەن، ئولمەسمەن.

تال كوكەردى، مايسا بولدى،
قول سېلىپ كەلسەڭچۇ يار.
جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
ھال سوراپ كەلسەڭچۇ يار.

لەيلى - مەجنۇن شاخ ئېگىلدى،
يار ئېگىلمەيدۇ ماڭا.
يا كېلىپ جانىمنى ئالغىن،
يا كوڭۇل بەرگىن ماڭا.

زارى - زار يىغلاپ يۇرۇپ،
ئاقتى كوزۇمنىڭ قارىسى.
شۇنچىلىك يىراق بولۇرمۇ،
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا،
بولدى يۇرەكلەر كاۋاپ.

ھەپتىدە كورسەم بويۇڭنى،
مەككىدەك قىلسام تاۋاپ.

ئالما شاخى ئەۋرىشىم،
جانىمنى ئالغىن ئادىشىم.
شەرت قىلىپ قۇرئان تۇتاي،
سەندىن بولەك يوق ئادىشىم.

ئىشىگىڭدىن ئوتكىچە
كوردۇم بويۇڭنى بىزاۋان.
ئوت تۇتاشتۇردۇڭ ئىچىمگە
دوزاق ئوتىدىن يامان.

دوزاق ئوتى ئوت بولامدۇ،
ئاشىق ئوتىغا ئوخشىماس.
ئەمدى يار تۇتقان بىلەن
ئوزلىرىگە ئوخشىماس.

بىر كىتاپ، ئىككى كىتاپ،
يار قولىدا ئالتۇن كىتاپ.
بارمۇ سىلىدەك بۇ جاھاندا
بىر چىرايلىق ئاپتاپ.

بىر كورۇپ پەرۋانە بولدۇم،
ئاھۇ يارىم قايدا سەن.
سارغىيىپ سامانچە بولدۇم،
گۇل جامالىم بارمىسەن.

شوخلىق جىگدىگە چىقسام،
يىرتىلدى چاپانلىرىم.
سىلىنى ئىزدەپ يۈرۈپ،
يېرىلدى تاپانلىرىم.

قاپقارا قاشلارىڭىز،
سىلكىنىدۇ چاچلارىڭىز.
مېنى ئويلاپ كەلدىمۇ،
كىرپىك ئارا ياشلارىڭىز.

باققا كىردىم گۇل ئۈزەي دەپ،
گۇل ياتار شېخى بىلەن.
گۇل ئېچىلغاندا كېلىڭ،
باغلاپ بېرەي بېغى بىلەن.

ئانداق ئەتمەڭلار مېنى،
مانداق ئەتمەڭلار مېنى؛
بىر كۈنى لازىم بولۇرمەن،
تاشلىۋەتمەڭلار مېنى.

AltunOq

سەن مېنىڭ يارىم ئەمەسمۇ،
ئاراتامدا سوزلىگەن.
يېنىدا يارى تۇرۇپ،
يىراقتىكىنى كوزلىگەن.

تاغدا بار لەيلى قازاق،
سۇ بېشى ئەگىم بۇلاق.
كوڭۇلدىكى يار بولسىلا،
قۇمۇل دىگەن قانچە يىراق.

يۇرىگىم چاجۇش① ئەمەس،
سۇ قۇيۇپ قايناتقىلى.
مەنمىغۇ نادان ئەمەس،
يارىم كېلىپ ئويغاتقىلى.

تاللىرىنىڭ سايىسى
چۇشۇپ قاپتۇ هويلىغا.
يار يولىغا تەلمۇرۇپ،
كوزۇم كېتىپتۇ ئۇيقىغا.

يار بىلەن بىر چولگە كىرسەم،
چول ئەمەس گۇلزار ئىكەن.

---

① چاجۇش — (چايجوش) بىر خىل چوگۇن.

تۇغرىغى ئالمىغا ئوخشاش،
يۇلغۇنى مازار ئىكەن.

ئەي چىراق، نىمە ئۈچۈن،
روشەنغىدىنا بىر كۆيمىدىڭ.
شۈنچە تەلپۈنسەم ساڭا،
قاراپ تۇرۇپ بىر سويىمىدىڭ.

ئاي خېنىم، ئالتۇن خېنىم،
تىللا بويۇڭدىن ئورگىلەي.
ئىشقى ئوتۇڭدا مەن سېنى،
پەرۋانىلاردەك چورگىلەي.

بەدىيان تاغنىڭ ئوتى،
يۇمغاقسۇت باغنىڭ ئوتى.
ئولتۇرۇپ تىرىلدۇرۇر،
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى.

يەڭ بىلەن يەڭدەپ چىنە،
تۇتقىلى بولماسمىدى.
بۇ كۆڭۈل كەتسە ئولۇپ،
ياساتقىلى بولماسمىدى.

قاش ئاتارىم كېلىدۇ،
كىرپىك ئاتارىم كېلىدۇ.

قولىدا پىيالىسى
شاراپ تۇتارىم كېلىدۇ.

مەن ئۆزۈم مۇجاك بولۇپ
سالدىم ياغاچقا رەندىنى.
مېھرىۋان يار دەردىدە
كىيدىم كۆلاھۇ جەندىنى.

مەندۇر مەن بىر مەستانە،
جىگەرلەر كاۋاپخانە.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى
ئەزرائىل سەمەرخانە.

ئويناۋغۇچتەك سارغىيىپ
ياتسام كېلىپ بىر كورمۇدۇڭ.
ھەقتائالاغا شۇكۇر
سەن كەلمىسەڭ مەن ئولمۇدۇم.

ئويناۋغۇچتەك سارغىيىپ
يۇرسەم سېنىڭ ئالدىڭدىمەن،
خالى يەرلەرنى تېپىپ
ئېيتسام ساڭا ھالىمنى مەن.

ئايغا ئوخشايدۇ يۇزۇڭ،
چولپانغا ئوخشايدۇ كوزۇڭ.

خۇددى قەن ـ ناۋاتقا ئوخشاش
شۇ سېنىڭ شېرىن سوزۇڭ.

مېنى زەپمۇ خار كورۇپ
غۇنچىنى ئۇزگەنىڭ قېنى.
بارچە گۇلنى مەن تاپۇرمەن
سەن تاپالمايسەن مېنى.

ساي توۋەن يۇرۇپتىمەن،
ساچتى ئاياغىمغا تىكەن.
يارنى دەپ يۇرۇپتىمەن،
يارىم ماڭا باقماس ئىكەن.

مەن يىراقتىن يارنى كوردۇم
ئاق توخۇم پاينىگىدە.
يار مېنى كوردىمىكىن،
ئۇسما قويۇپ ئەينىگىدە.

نەدە كوردۇم مەن سېنى،
تاماكا سال دەيسەن مېنى.
مەن سېنىڭ قۇلۇڭمىدىم
مەن سېلىپ، سەن چەككىلى.

مەن يىراقتىن يارنى كوردۇم،
يار مېنى كوردىمىكىن.

بار بەدەنگە ئوت تۇتاشتى،
يار ئۇنى تۇيدىمىكىن.

تال ئىچىدىن تاللىۋالدىم
تالى چوكانىم سىنى
گۈل ئىچىدىن خىللىۋالدىم
گۈلى رەيھانىم سىنى.

يارى تۇتتۇم دەپتىمەن،
ئىچىمگە ئوتنى ساپتىمەن.
ئوتىنى سېلىپ قويۇپ،
قىينارىنى بىلمەپتىمەن.

تاققا چىقتىم تال ئۈچۈن،
قۇرغۇي بالاسى بار ئۈچۈن.
ئالتە ئاي ئوتۇڭدا كويدۇم،
ساڭا مەيلىم بار ئۈچۈن.

كەت دىسەڭمۇ كېتىمەن،
كەتمە دىسەڭمۇ كېتىمەن.
ئارىدا بىرلا قونۇپ،
يارىم قېشىغا يېتىمەن.

دىلبىرىم كەتتى يىراققا
ئۆتى مەندىن كەتمىدى.

ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام
دەردىم خۇداغا يەتمىدى.

دىلبىرىم مەندىن يىراق،
دىلبىرىمدىن مەن يىراق.
دىلبىرىم قاشىمغا كەلسە،
ياندۇرۇرمەن شام چىراق.

ئالمىلىق دەريا بويىدا،
ئېچىلىپتۇ لەيلى گۈل.
سەن ئۆزەڭگە لەيلى بولساڭ،
مەن ئۆزەمگە تاجىگۈل.

يۇقۇرى - تۆۋەن بېرىپ،
يارنى كورمەمدۇ كىشى.
كورسىمۇ كورمەسكە سالسا،
تىرىك ئولمەمدۇ كىشى.

يۇقۇرى يارنىڭ ئويى،
ئاندىن تۆۋەن يارنىڭ ئويى.
ئوتى باغرىمدا كويەدۇر،
ئۇستىخانىمدا چوغى.

ئايىمدۇر، ئايلارىمدۇر،
ئايغا بۇلۇت دالدامدۇر.

يار يىراقتىن كەلگىچە،
كوز يېشىم دەريامىدۇر.

مەن بىلىمنى باغلىۋالدىم،
قىل بىلەن ھەم سىم بىلەن.
مەن كېتەرمەن، سەن قالۇرسەن،
ئويدە يالغۇز كىم بىلەن.

سېنى يارىم بىر سۆيۈپ،
كورسەم مەيلى كورگۈلۈك.
ئولۈپ كەتسەم مەيلى ھەم
ھامان بىر كۈن ئولگۈلۈك.

ئېتىمنى قويۇۋەتتىم،
يېڭى چىققان قىياقلارغا.
يار ئوتى مۇنداق بولسا،
چىقىپ كېتەي يىراقلارغا.

مەن دۇتارنى چالىمەن،
تالىسىمۇ بىلەكلىرىم.
قوپسىلا جاقىم كويەردۇر،
ئولتۇرسىلا يۇرەكلىرىم.

ئۈشىك ئالدىدا ئېرىق
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن.

رەتجىدىگىن سويگەنگە،
كوڭلۈڭنى بىلەي دەيمەن.

ئالتۇنمىكىن بويلىرى،
كۈمۈشمىكىن بويلىرى.
چاينى تۇتسام قارىدايلا
ھەجەپ ئىكەن خۇيلىرى.

بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە
يارىم كېلەر ئەلۋەتتە.
يارىم كەلسە پات كەلسۇن
مەن قالماي خىجالەتتە.

چىشىڭنى ئۈنچىدىن دەيمۇ،
بويۇڭنى غۇنچىدىن دەيمۇ.
قول سېلىپ چىقىپ كەلسەڭ،
ئانار باغىنىڭ گۈلى دەيمۇ.

يارنىڭ ئويلىرى باشتا،
بەلگىسى قارا تاشتا.
ئانچە مەيلىڭ بولمىسا
نىمىشقا ئوينىدىڭ باشتا.

قەنتىم بارغۇ، قەنتىم بار،
يانچۇغۇمدا قەنتىم بار.

يېڭى ياچە يار تۇتتۇم،
ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

ئوڭ يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ،
سول يانىمدىن ئۆتسەڭچۇ.
قېشى قارا مولايىم،
گۇنايىمدىن ئۆتسەڭچۇ.

ئاينى ـ ئايغا قاتايمۇ،
كۈننى ـ كۈنگە قاتايمۇ؟
يارىم ئوت پىراقىدا
پەنجىرەگدە ياتايمۇ؟

شەمشۇا تەركىمنى ئېيتسام،
سۇ بولۇر جانىم مېنىڭ.
ياندۇرۇپ مەشرەپكە چالسام،
ئورتۇلەر جانىم مېنىڭ.

شەمشۇا گۇلنى كورۇڭ،
بەلگە سايان قايرىلىدۇ.
بىۋاپا يارنى كورۇڭ
ئولمەي تىرىك ئايرىلىدۇ.

كويىدۇ جانىم مېنىڭ
يوقتۇر خەۋەردارىڭ سېنىڭ.
رەھمە قىلساڭ ئوتنى ئالغىن،
كويمىسۇن جانىم مېنىڭ.

ئىچىدىگىنىڭ دەستىسى
ئۆدەك بېشى، كەكلىك قېشى.
يېڭى يار تۇتقان كىشى
كوز ئاشىغى، كوڭۇل خۇشى.

ئىچە دەيدۇ، ئىچە دەيدۇ،
ئىچمىگەنلەر قايدا بار.
ياخشىلار شارابىنى
ئىچسە بەدەنگە پايدا بار.

مەس بولۇپ يوقتۇر ماجالىم،
يار يولەپ ئالسۇن مېنى.
گۇل بولۇپ ئالدىڭدا تۇرسام
بىر كورەلمىدىڭ مېنى.

ئاينى ئاسماندا دىسەم،
ھەر كوچىدا ئاي بار ئىكەن.
يارنى مەن قاۋۇل دىسەم،
ياردىنمۇ قاۋۇل بار ئىكەن

AltunOq

تال كوكه‌ردى، مايسا بولدى،
قول سپلىپ كه‌لسه‌ڭچۇ يار.
جان چىقار هاله‌تكه يه‌تتى،
هال سوراپ كه‌لسه‌ڭچۇ يار.

تال ئۇچى تالغا يېتىشتى،
به‌لگىسى چه‌ندان يىراق.
مه‌يلىمىز سىزگه چۈشۈپتۇ،
نه قىلاي ئۇچمه‌س پىراق.

قىل بىله‌ن تۈككه‌ن تۈگۈشنى،
قول بىله‌ن بولماس يېشىپ.
ئه‌پلىشىپ قالغان كوڭۈلنى
تىغ بىله‌ن بولماس كېسىپ.

مه‌ن ئوته‌رمه‌ن بىر كۈنى،
يايرىم يىراقتا بولسىلا.
ئېچىلۇرمه‌ن غۇنچىده‌ك
بىرلا قاراپ قويسىلا.

قارلىغاش قاۋۇل يىگىت
سايلارغا سالدى باغىنى.
بىرنه‌مۇ سويه‌ي تۇرۇپ،
يۈره‌ككه سالدى داغىنى.

ئاق تىكەن گۈر - گۈر كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارە يوق.
مەيلى بار ئوتتا كۆيەدۇر،
مەيلى يوققا چارە يوق.

ئالمىنى ئىغاڭلىتاي،
شاپتۇلنى شىلدىرلىتاي،
ئايىغى قاششاڭ جۇگاننى،
ئوت يېقىپ ئىلداملىتاي.

يار بېشىدا پەرەڭ ياغلىق،
قاش - كۆزى، كۆرۈنمەيدۇ،
يار يېنىمدا ئولتۇرسا
تاڭ ئاتقان بىلىنمەيدۇ.

يارىمنىڭ لىۋەن سۆزى،
ئويناپ تۇرىدۇ كۆزى.
ئايىمىكىن، ئاپتاپمىكىن
يارىمنىڭ قىزىل يۈزى.

يارىم كېلىدۇ باققا،
ئىچىم كۆيۈدۇ پاھ - پاھ.
مەس قىلىپ تەتۈر قاراپ
مېنى قىلىدۇ خاپا.

ئالما بەرسەم يەمدىلا،
شاپتۇل بەرسەم يەمدىلا.
ئالمىمۇ، شاپتۇلمۇ يوق
ئاخىر نادامەت يەمدىلا.

يارى دەيدۇ، يارى دەيدۇ،
ياردا يوقتۇر ۋاپا.
ياردىن ئېغىز ئاچماڭلار
قىلىدۇ جانغا جاپا.

ئاينىڭ ئارقىسى خامان،
پۇر - پۇر ئۇچۇدۇ سامان.
يېڭى يارنىڭ ئوتلارى
دوزاق ئوتىدىن يامان.

ئېيتىڭلار مېنى يارغا
چېقىڭلار مېنى يارغا.
ساچىمدىن ئۇچ تال ئېلىپ
ئېسىڭلار مېنى دارغا.

ئۇزى ئاق، قاشى قارا،
كىمنى ئاپتۇ يانىغا.
مەنمۇ تاپتىم ئوز خىلىمنى
ئوت يېقىلسۇن جانىغا.

يىغلىما ھەسرەت چېكىپ
جانىم تېخى تەندىدۇر.
مەن ئۆزەم كەتكەن بىلەن
كۆڭلۈم ھەمىشەم سەندىدۇر.

يارىمنى كۆرۈرمەنمۇ،
ئاغزىنى سۆيۈرمەنمۇ.
يېنىدا كىشى بولسا،
دەرت بىلەن ئۆلۈرمەنمۇ.

يارىم ئۆتلىرىڭ يامان،
ئالدىم قولۇمغا تاشنى.
دوست - دۈشمەن ئاراسىدا
ئەمدى كۆرۈڭ ئويناشنى.

شۇندا ئولتۇرۇپ سانارمەن
كىرپىگىڭنىڭ سانىنى.
ھېچ كىشىگە سالمىسۇن،
ئاشىق كىشىنىڭ ھالىنى.

غېرىپ، يېتىم بىچارىلەر
تاملارغا قاراپ ياتقىدەك.
چارىسىنىڭ يوقىدىن
كۈندە مىڭ سارغايغىدەك.

دەرتنىمۇ دەرتمەن بىلۇر،
ئاغرىقنىمۇ تارتقان بىلۇر.
دەرت يۈرەكتە، كۈچ بىلەكتە،
غەمدە سارغايغان بىلۇر.

گۈلى زەپەر بويلۇغۇم
سايلارغا ساپتۇ باغىنى.
ئۆزى يىراققا كېتىپ
يۈرەككە ساپتۇ داغىنى.

كورگىلى كەلسەڭ مەگەر
ئولتۇر قېشىمدا بىر زامان.
بىر زامان ئولتۇرمىساڭ،
پۇشمان قىلۇرسەن ھەر زامان.

ئاستا - ئاستا ماڭىسەن،
دەرياغا كوۋرۇك سالىسەن.
بىر قاراپ، ئىككى كۆلۈپ
ئىچىمگە ئوتنى سالىسەن.

تاققا چىقتىم كىيىك ئاتتىم،
بوز كىيىك ئاتالمىدىم.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىمنىڭ
يېنىدا ياتالمىدىم.



AltunOq

ئىشىك ئالدى ئاي بۇلاق،
ئەگىپ ئۆتەلمەس ئارغىماق.
سەن مېنى خىجىل كۆرمىسەڭ،
ئەينەك تۇتۇپ شەكلىڭگە باق.

ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسا كىم
يۈرىگىنى قان تۇتۇر.
ئەقلى بار بولسا پەرىنىڭ،
مېھرىۋاندىن يار تۇتۇر.

ئات مىنىپ، كىمخاپ كىيىپ،
يارىم مېنى كۆيدۈرگۈدەك.
يۇقۇرى - تۆۋەن بېرىپ،
قىيناپ يۈرۈپ ئۆلتۈرگۈدەك.

ھاۋانىڭ تۇتۇقلۇغى،
ئاسماندا ئاينىڭ يوقلۇغى.
بۇ مېنىڭ يالغۇزلۇغۇم،
جېنىم جورامنىڭ يوقلۇغى.

شاپتۇلنىڭ شېخى پەس،
مىۋىسى ئاندىنمۇ پەس.
ياخشىلارغا سۆز سالسام،
يەردە قويمايدۇ نەپەس.

چىرىغىڭنى ياندۇرۇپ
قويدۇم موراڭنىڭ بېشىغا،
ياغ قۇيۇپ، پىلىك سالاي،
كويگۈندۈمنىڭ ئىشقىدا.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام
ئەتىرە گۈل كۈلۈپ تۇرۇر.
مېنى لايىق كورسىسەڭ
سېنى خۇدايىم ئۇرۇر.

قەدرىمنى قىلچە بىلمىدىڭ،
قاراپ تۇرۇپ، قاراپ تۇرۇپ.
ئەددۈڭنى بىر بېرۇرمەن
تام ئارقىدا ماراپ تۇرۇپ.

يار سېنىڭ قەلەندەرىڭ،
بولۇپتىمەن، بولۇپتىمەن.
نەچچە يىللاردىن بېرى
مەن سېنىڭ كويىڭدىمەن.

مەستانە قەلەمقاشلىق،
بوينۇڭدا تۇمار بارمۇ؟
ئەجەپ تولا قارايسەن،
كوزۇڭدە خۇمار بارمۇ؟

ئالتاي باقتىم قويۇڭنى،
بىر كورمىدىم بويۇڭنى.
كورسەتمىسەڭ كورسەتمە،
بورە يىسۇن قويۇڭنى.

قاشىم تارتىدۇ مېنىڭ
قەشقەردىن كېلۇر يارىم.
يارىم ئوزى كەلمىسە
خالتىسى كېلۇر دائىم.

قارا قاش ئولتۇرىسەن،
باغدىكى قىزىل گۇلدەك.
ساڭا ئىچىم كويۇدۇ،
قەپەزدىكى بۇلبۇلدەك.

كوكيار خاڭدىن ئەكەلدۇق،
قالايدىغان كومۇرنى.
يارنى كورمەي ئوتكۇزدۇق
ئونبەش كۇنلۇك ئومۇرنى.

مەس قىلغانمۇ تاماكا،
خەس قىلغانمۇ تاماكا.
چېچىلىپ كەتكەن كوڭۇلنى
يىغىپ ئالغان تاماكا.

تەلۋىلەرنىڭ شانىمۇ
دائىم پەرىشان سوزلىمەك.
ئادىتىڭمۇ بۇ سېنىڭ
يوقلا ئىشنى تەگمەك.

تاققا چىقىمىز ئەمدى،
ئىرغاي كېسىمىز ئەمدى.
ياخشى يارنىڭ قوينىدا
ئويناپ ياتىمىز ئەمدى.

ئاتلارنى قويۇپ بەردۇق،
كورۇنگەن قارا توزگە.
بارساڭلا سالام دەڭلار،
ئوز يارىم — قارا كوزگە.

بېغىڭدىكى ئېتىزنىڭ
چورىسىدە بىدە بار.
يۇرىگىمنى يېرىپ باق،
ساڭا كويگەن زىدە بار.

يار بىلەن هاراق ئىچتۇق
جوزىدا، پىيالىدا.
خۇما كوزلۇك يارىمنىڭ
كىم باردۇ خىيالىدا.

ھويلاڭدىكى تاغ تېرەك
خا بولامدۇ، بولمامدۇ.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك
يار بولامدۇ، بولمامدۇ.

ئىشىگىڭدىن ئۆتسەم مەن،
كويۇپ قالدى دىدىڭمۇ؟
ھەپتە ئون كۈن كەلمىسەم،
ئۆلۈپ قالدى دىدىڭمۇ؟

ئاسماندىكى بۇلۇتلار
ياغارمىكىن قار بولۇپ.
ئەجەپمۇ سىغىندىم يار،
بىر كۆرۈشكە زار بولۇپ.

تاڭ سەھەر ئېرىقتا،
مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك.
قاچانغىچە يۈرۈيمىز
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

قوغۇن، تاۋۇز تېرىدىم،
قاتار - قاتار چونىگى.
ھەجەپمۇ يامان ئىكەن،
قارا كوزنىڭ كويۇگى.

AltunOq

ياز بولسا ئېچىلامدۇ،
ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى.
يار سويەمدۇ، سويمەمدۇ،
يارنىڭ ئوزىنىڭ مەيلى.

سارغىيىپ ئوسكەن دەرەخنىڭ
سايىسى بولماس ئىكەن.
يار ئۈچۈن كويگەن يۈرەكنىڭ
دارىسى بولماس ئىكەن.

سېنىڭ ئىشقىڭدا جانانىم،
يۈرەگىم قىپ - قىزىل قاندۇر.
مۇھەببەت ئوتىدا كويگەن
كوڭۈل ھەردەم پەرىشاندۇر.

كاككۇكلار سايراپ ئوتەر
بىپايان تاغلار كېزىپ.
بىز ئىككىمىلەن دوست بولايلى
سەن مۇساپىر، مەن غېرىپ.

دەردىم بارۇ - دەردىم بار،
باشىمدىكى ساچىمدەك.
دەرت تارتماي ئولۈپ كەتسەم،
ھاۋادىكى لاچىندەك.

كەندىر تۇۋىدە كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن ئەپلىك.
ئوڭ يېنىدا ساچى بار،
تولغاپ سويگىلى ئەپلىك.

قاش - كىرپىك ئاراسىدا،
كوزلىرىڭگە كويدۇم مەن.
بوينۇڭغا گىرە سالىپ،
لەۋلىرىڭگە سۇيدۇم مەن.

تاغلار باشى تۇمانسىز
كويۇپ كەتمەك تۇيماي سىز.
بىزنى يارغا قوشمىغان
دۇشمەن دىگەن ئىمانسىز.

يارىم بەرگەن ئالمىنى
قولغا ئېلىپ يەپتىمەن.
كوڭۇل بەرمىگەن يارنى
كوڭۇل بەردى دەپتىمەن.

يارىم بەرگەن بەش ئالما
بەشىلىسى قوينۇمدا.
ئۇخلاپ چوچۇپ ئويغانسام
يارنىڭ قولى بوينۇمدا.

كوڭلۇم چۈشتى كوڭلۈڭگە
كىردىم سىنىڭ كەينىڭگە.
ساق باشىم سارالڭ بولدى
يارىم سىنىڭ دەردىڭدە.

يار بىلەن ئوينايلى دەپ،
سۇندى مىنىڭ نازۇك قولۇم.
تاڭمىسام يار ياغلىغىدا
ھىچ ساقايمايدۇ قولۇم.

قارا غوللۇق غاڭزىنىڭ
سىيىق ئىكەن زۇيزىسى.
بۇ جاھاندا بارمىكىن،
بىزنىڭ يارنىڭ جورىسى.

لەيلەپ ئۇچۇدۇ قارلار،
قارىمايدىغۇ يارلار.
قارىمىسا قارىماس،
ئەسلى بىۋاپا يارلار.

لاچىنلار سوقۇپ يەيدۇ
قانىتى ئالا غازنى.
يارغىنەم دەپ تۇتنۇڭمۇ،
چوقىسى دوقا تازنى.

لەپ ـ لەپ قىلىدۇ كۆڭلۈم،
يار قېشىغا بارسام دەپ.
يار قېشىدا قانغىچە
ئويناپ، كۈلۈپ ئالسام دەپ.

ئىشك ئالدى ئاق ئالما،
ئاق ئالمىغا تاش ئاتما.
ئۆزۈڭنىڭ يارى بولمىسا
ئۆزگە يارغا قاش ئاتما.

ئىشىگىڭدىن ئۆتتۈممەن،
تەمبۇرنى جاراڭلىتىپ.
چىقمايسەن جېنىم يارىم،
جالانى پۇلاڭلىتىپ.

ھاۋانىڭ تۇمانىدىن،
باشىم ئايلىنىپ كەتتى.
ئىستەڭلار، سورىماڭلار،
يار مەندىن ئايرىلىپ كەتتى.

غانجۇغامدا ئاغامچا،
سالمىنى سالاي دەيمەن.
يارغا بەرگەن كۆڭلۈمنى
ياندۇرۇپ ئالاي دەيمەن.

كېچىلەپ تامنى تېشىپ،
يالاڭ ئاياق سۇنى كېچىپ.
كەلمىدۇقمۇ سىلىنى دەپ،
بۇرۇنقى يارلاردىن كېچىپ.

قاپ - قارادۇر قاشلىرىڭ،
يەلپۈنەمدۇ چاچلىرىڭ.
ساڭا نىمە دەرت كەلدى،
توكۇلىدۇ ياشلىرىڭ.

ئالما چېچىكى باغدا،
يۇلغۇن چېچىكى سايدا.
قىز قاچار، يىگىت قوغلار،
جىگدە پۈرىغان چاغدا.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
قىزىرىپ تۇرغان بىلەن.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ
ئىرجىيىپ ① تۇرغان بىلەن.

كۆتەرمەنمۇ - كۆتەرمەنمۇ،
شۇنچىمۇ كۆتەرمەنمۇ.
كويۇپ قالغان يارىمنى
سويەلمەي ئۆتەرمەنمۇ؟

---

① ئىرجىيىپ — ھىجىيىپ.

ئارقىدىكى كاۋىنى
ئېلىپ قويدۇم باراڭغا.
ئەگەشمەيمەن پەندىيات
كوڭۈل دىگەن ساراڭغا.

كىچىككىنە باغىم بار،
كوممە قوناق تېرىقلىق.
چىرايىمدىن كەتمەيدۇ،
پىراقىڭدا سېرىقلىق.

يارىشىپتۇ ئەجەپمۇ،
ئەتلەس كوينەك ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە كېلىمەن،
دىۋانىدەك كوچاڭغا.

غەزەل بىلەن كوچىدىن
ئۆتۈپ كەتتى ياش باللار.
خەۋەر ئالاي دىمەيدۇ،
باغرى قاتتىق تاش باللار.

ئېرىقنى ئويۇپ قويدۇم،
ئەمدى سۇ تولۇپ ئاقسۇن.
يارغا ـ يار كېرەك بولسا،
يارمۇ بىر كېلىپ باقسۇن.

باغدا ئوسكەن لەيلى مەن،
تاغدا ئوسكەن لەيلى مەن.
بىر قۆچاقلاپ يارىمنى،
ئولۆپ كەتسەم مەيلى مەن.

دۆتارنى ئېلىپ قويدۇم،
چالاي دىسەم تارىم يوق.
ئۇتەرمەنمۇ دۇنيادىن
ئۇزەم يالغۇز، يارىم يوق.

چېچىمنى تولا دەيدۇ،
دەردىم تولا چېچىمدىن.
سەن قىلغان ۋاپاسىزلىق،
زادى چىقماس ئېچىمدىن.

غازاڭلار لەپ ـ لەپ چۈشۈر
باراڭلاردا ئۈزۈم يوق.
باينىڭ ئوغلى كەلمىسۇن،
قارايدىغان كوزۇم يوق.

ئاق ئايدىڭدا چىقسۇن دەپ
سالام يوللىدىغان يارىم.
مەن چىقسام ئۆزى چىقماي،
كۆندە گوللىدىغان يارىم.

كەپتىرىم كورۇنمەيدۇ،
كەپتەرۋاز تۇتۇۋالدى.
غۇنچە بويلۇق قاراكوز
كوڭلۇمنى ئۇتۇۋالدى.

ئەتىگەندە ئويغانسام
چاي قاينايدۇ چەينەكتە.
هالى چوك يار ئوزىنى
كورۇپ قويسۇن ئەينەكتە.

كىچىككىنە يىمىشىم،
تاتلىققىنا يىمىشىم.
ئەمدى تاپتىم ياخشىنى،
يامان بىلەن نىمىشىم.

يىراق يەردىن قورقمايمەن،
شامال يەتمەس ئىپتىم بار.
بىزنىڭ يارغا ئۇچ بۇرجەك
قاتلاپ قويغان خىپتىم بار.

تالاغا چىقىپ باققىن،
سالقىن بىر شامال بارمۇ؟
دەردىڭدە يۇرەك كويدى،
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟

توقاچ ياقسام تونۇرغا
ئۇرلەپ چىقتى ھۇپپىدە.
ئامرىغىمنى چاي بىلەن
يۇتۇۋەتسەم گۇپپىدە.

دوتارىڭنى چالساڭچۇ،
يىڭى چىققان پەدىگە.
ۋاپا قىلۇر دەپتىمەن،
قارا يۈزنى ۋەدىگە.

سۇنىمۇ ئىچىپ قويدۇم
ھويلىدىكى ئۆزۈمگە.
ماقۇل دىگىن چىرايلىق،
ئۇنداق قىلماي سوزۇمگە.

ئەجەپ يۇمشاق يەر ئىكەن،
قوغۇن ـ قاپاق تەرگىدەك.
بىزنىڭ يارنى ئانىسى
باشقا ئەرگە بەرگىدەك.

چەينىگىڭگە چاي سېلىپ،
چېپىڭنى قاينىتاي يارىم.
ئىشىك ئالدىڭدىن يار تۇتۇپ،
ئىچىڭنى قاينىتاي يارىم.

ھويلىغا قاپاق تېرىپ،
قاپاق باراڭلىق قىلدىلا.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
ئەجەپ ساراڭلىق قىلدىلا.

بىگۇپالىقنى سەن قىلىپسەن،
مېنى قىلمايدۇ دىمە.
ھەممە كويدا سەن يۈرۈپسەن،
مېنى تۇيمايدۇ دىمە.

باغراش تېغى باغرىدا،
خويما بوپتۇ ئالمىلار.
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ،
يامانىنى سويگەن لالمىلار.

ئويۇڭنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتۇڭنىڭ پاتقىنى - پاتقان.
يامان يارغا يولۇقساڭ
بېشىڭنىڭ قاتقىنى - قاتقان.

ئىگىز تۇگمەنگە نو قويدۇم
پەس تۇگمەنگە گۈلدۈرمە.
قانچە دەرت - ئەلەم تارتساڭ
دوشمىنىڭگە بىلدۈرمە.

AltunOq

يارىڭ بېغىغا كىرسەم،
ئالما تۈگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە يارىم بار،
قايرىپ سويگىدەك بوپتۇ.

ئاستىدا تاي بولمىسا،
باغراش دىگەن قانچە يىراق.
ئەقلى - ھوشى بولمىسا،
ئايدەك جۇگان ئىتقا يالاق.

غانجۇغامدا ئاغامچا
سالدىم سالمىنى ئاتقا.
سەن مېنى دىسەڭ يارىم،
كوڭۈل بەرمىگىن ياتقا.

مەن سېرىق، نىمجان سېرىق،
سارغايغىنىمنى كىم بىلۇر.
سارغىيىپ ئىشىكتە تۇرسام،
مېھرىۋان يارىم كېلۇر.

سۇ بولسا سۈزۈك بولسا،
ئېرىقتا ئېقىن بولسا.
ئاشىق بىلەن مەشۇقلار
تام خوشنا، يېقىن بولسا.

مېنىڭ دەردىمنى سەن تارتقان،
سېنىڭ دەردىڭنى مەن تارتقان.
كېچىلەر تالى مەجنۇندەك،
بېلىڭگە چىرمىشىپ ياتقان.

قارا قاش بولغان بىلەن،
كەلمەيدۇ قېشىمغا مېنىڭ.
بۇ مالامەت تاغلىرى
سىرىلدى بېشىمغا مېنىڭ.

دەردى بار بوستان تېرەكتىن،
چول باياۋان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس ئادىمىدىن،
بىلسە هايۋان ياخشىراق.

يېنىمدا پۇل ئۈزۈلگەندە
باراتنىڭ ئايىمى كەلدى.
يار قاچتى، بۇ باشىمغا
جۇدالىق ۋايىمى كەلدى.

مېنى موللا يىگىت دەيدۇ،
مېنىڭ موللىلىغىم ياخشى.
سېنىڭدەك بىۋاپا ياردىن،
مېنىڭ يالغۇزلۇغۇم ياخشى.

ئۇزى ئاق، كوڭلى قارا،
خويما ئەلەم قىلدىڭ ماڭا.
قىلغىنىڭ كوڭلۈڭدە تۇرسۇن،
مەنمۇ قىلغايمەن ساڭا.

چېچىڭنى ئۇزۇن دەمسەن،
ئۇچىدا پوپۇگى بار.
مەنمۇ ئەمدى بارمايمەن،
قوساقىنىڭ كوپۇگى بار.

ياغلىغىم سەككىز تالا،
توتى ئالا، توتى قارا.
سەككىز ئاي ئوتۇڭدا كويسەم،
بىلمىدىڭ كوڭلى قارا.

يارىم بىلەن مەن باردىم،
باغدىن گۇل ئۈزۈپ ياندىم.
يارىم ئۇندا يار تۇتسا،
مەن ئۇمۇت ئۈزۈپ ياندىم.

ئاسمانلار ئالاڭلاپتۇ،
يۇلتۇزلار شالاڭلاپتۇ.
مەن يارغا نىمە قىلغان،
يار مەندىن يامانلاپتۇ.

دەردىم تولا ئېيتايمۇ،
ھالىم تولا ئېيتايمۇ.
ئىچىمدىكى دەردىمنى
يارىم ساڭا ئېيتايمۇ.

باققا كىرمەك كىشى بار،
گۈلنى ئۈزمەك ئىشى بار.
ئىككىمىز ئاراسىدا
بىرلا دۈشمەن كىشى بار.

سايە بەرمەيدۇ دەرەخ،
شاخى سۇنغاندىن كېيىن.
چىللىسا كەلمەيدۇ يار،
كوڭلى قالغاندىن كېيىن.

ئاسمانغا چىققاي دەمسەن،
بۇلۇتقا مىنەي دەمسەن.
ئۆزى كەلمىگەن يارنى
چىللاپ كەلتۈرەلەمسەن؟

ئالمىدىن رەڭلىك ئىدىم،
رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق.
ئىندىسەك يېنىڭدا مەن،
ئىندىمىسەك كەتتىم يىراق.

باغچىلارغا سۇ كىرىپتۇ
مۇز قىلىپ تېپىلغىدەك.
ياردىن بىر گەپ ئىشىتتىم
يۈرىگىم يېرىلغىدەك.

كوزۈڭ بىلەن كوردۈڭمۇ،
قۇلىغىڭ ئاڭلىغان يالغان.
نىمانچىلا رەنجىيسەن،
مەن ساڭا نىمە قىلغان.

يارغىدەكمۇ ئەمەسمەن،
يارالغىدەكمۇ ئەمەسمەن.
يارنىڭ سىھىق گېپىگە
چىدالغىدەك ئەمەسمەن.

ئاللا يارىم بۇ يايلاقتا
ئەجەپ يايلايسەن.
ئۆزەڭ ئوينىاپ، ئۆزەڭ كۈلۈپ
كىمگەلاي - لايسەن①.

ئىگىز تاققا چىققاندا،
قولىگىزنى مەن تارتقان.
بار ئويۇننى سىز ئويناپ،
دەردىگىزنى مەن تارتقان.

---

① لايلاش — قىيداش مەنىسىدە.



AltunOq

ئاتنى مىندىم ئالدىمچە،
ئېلىپ ئۇردى يانىمچە.
يېڭى يارچە يار تۇتسام،
ئويناتمىدى مەيلىمچە.

چوڭ چىراقنى قالدۇرۇپ،
كىچىك چىراقنى ياندۇرۇپ.
يارغا مەن نىمە قىلغان،
كېچىسى يول ماڭدۇرۇپ.

كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم،
سەندىن نىمە پەرۋايىم.
سەن تاشلاپ كېتەر بولساڭ،
ھەر جايدا مېنىڭ يارىم.

شىلدىر - شىلدىر قومۇشقا،
شەبنەم چۈشتى نىمىشقا.
قەدىر بىلمەس نادانغا،
كۆڭلۈم چۈشتى نىمىشقا.

يېڭى ئايدەك كورۇنۇپ،
غايىپ بولارنى بىلمىدىم.
ئالته كۈن مېھمان بولۇپ،
تاشلاپ كېتەرنى بىلمىدىم.

باغ ھويلاڭغا باغچاڭمەن،
پىشايۋانغا زىلچاڭمەن.
بىلسەڭ يارىم سەھەردە،
پۈرايدىغان غۇنچەڭ مەن.

كەت دىسەڭ مەيلى كېتەرمەن،
ئىزدىسەڭ كەلمەمدىمەن.
ئاھ سېنىڭ قىلغان خۇيۇڭغا
مەن تىرىك ئۆلمەمدىمەن.

چىرىغىڭنىڭ كويگىنىدىن
كويمىگىنى ياخشىراق.
بىۋاپانىڭ سويگىنىدىن
سويمىگىنى ياخشىراق.

شاتىۋا گۈللۈك نىمە،
باھاسى يوق بەش تەڭگە.
يارىم دەپ يۈرۈپتىمەن،
ئىتتىرىۋەتتى ئۇستەڭگە.

كەتتى دەپ كوڭلۈڭنى بۇزما،
كوڭلى سەككىز يارىغا.
نىمە دەپ بەردىم كوڭۈلنى
ۋەدىسى يالغانىغا.

ئاق ئالمىنى تەرمەيمەن،
ئېتەگىمنى لاي قىلىپ.
بىۋاپانى سۆيمەيمەن
ياش ئۆمرۈمنى زاي قىلىپ.

مۇللىنى نەدىن بىلۇرسىز،
دەستىر①دە قەلىمى.
بىۋاپانىڭ دەردى يامان
تۈگىمەيدۇ ئەلىمى.

باغ ئىكەن، سۇ يوق ئىكەن،
سارغىيىپ قاپتۇ تېرەك.
بىۋاپانىڭ دەردىدە
ئورنىدا تۇرماس يۈرەك.

چىنىنى بەرمەك نادانغا،
چېكىپ ئويناپ سۇندۇرۇر.
بىۋاپا مەستۇرىخان
قاچان كوڭۇلنى تىندۇرۇر.

بىۋاپا بۈگۈن باردۇر،
تاڭلا ئۇنۇتقاي يارىنى.
ئادىمى ھەرگىز ئۇنۇتماس،
بىرلا سۆيگەن يارىنى.

---

① دەستەر — سەللە.

چاكانداڭنى سوقۇپ سالساڭ،
قازاندا چاي بولماسمۇ.
سېنىڭدەك بىۋاپا يارغا،
ئەقىدەم زايى بولماسمۇ؟

بىۋاپا كەتتى يىراققا،
ئۇتى مەندىن كەتمىدى.
ئاھ ئۇرۇپ، قان يىغلىسام،
ھالىمغا ئانچە يەتمىدى.

گۈلەمشۋا گۈلنى كورۈڭ،
بەرگى سايان قايرىلدۇ.
بىۋاپا يارنى كورۈڭ
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇ.

ئوينايدۇ يەي ئوينايدۇ،
ئەگىم يولدا ئوينايدۇ.
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ،
شىرىن جاننى قىينايدۇ.

كىردىلە شەرىنىڭ يولىغا،
ھېچقاچان باقمادىلا.
سالدىلا دوزاق ئوتىغا،
ئۇۋالدىن قورقمادىلا.

كەچمىگەن دەريانى كەچتىم،
ئولمىدىم سۇغا ئېقىپ.
ئەمدى كوڭلۈك تىندىمۇ،
يۈرىگىمگە ئوت يېقىپ.

قاپ ـ قارا بوران كېلىپ،
توزۇتتى گۈلنىڭ بەرگىنى.
كىمگە ئېيتىپ كىمگە يىغلاي،
بىۋاپا يار دەردىنى.

ھاۋادا بۇلۇت كوڭلۈم،
ياردىن نائۇمىت كوڭلۈم.
يار باقمىغىدەك ئەمدى،
سەن يارنى ئۇنۇت كوڭلۈم.

☆

بوگۈن ئايغا ئالتە دەيدۇ،
سانىسام يەتتى.
بىۋاپاغا ئاشنا بولسام،
تاشلىدى، كەتتى.

مېنى تاشلاپ كەتكىنىنى
ئۇنۇتمىغايمەن.



AltunOq

ئەمدى كەلسە قاشىمغا
يولاتمىغايمەن.

يولاتمايمەن قاشىمغا
مۆكۈلنىپ قالسۇن.
ئارپا، بۇغداي سامىنىدەك،
سارغىيىپ قالسۇن.

بارۇرمەن دەپ تۇرۇرمەن،
يالغاندىن ئېيتقان.
بارار، تۇرار يوللىرىغا
ئازغان تېرىتقان.

تال دەپتىمەن، تال دەپتىمەن،
تېرەك ئىكەنسىز.
ئۇشلاپ① قويغان ئۇن دەپتىمەن،
كېپەك ئىكەنسىز.

تەقدىرئاللا، سوبىھانئاللا
تاغنى ياراتتى.
تاغ ئاراسى قاراڭغۇ دەپ،
ئاينى ياراتتى.

① ئۇشلاپ ــ تاسقاپ.

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە،
ھەسرەت ئىچىمدە.
چىقماس ئوتنى ماڭا سالدىڭ،
دەردىم ئىچىمدە.

ھەي - ھەي پەلەك سالدىڭ مېنى،
جەۋرى - جاپاغا.
ئىچ - ئىچىمدىن يىغلاپتىمەن
سەن بىۋاپاغا.

قانداق قىلاي بېشىم قاتتى،
يارىم كەتكىدەك.
ئالتاي يازدىن ئەگەشكىنىم
زايا كەتكىدەك.

قانداق قىلاي، نىچۈك قىلاي،
بۇ ھەيرانلىقنى.
پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئۇ
سەرگەردانلىقنى.

ئاي دەيدىكەن، كۈن دەيدىكەن،
چاقى پەلەكتە.
ۋاپاسى يوق شۇ يارىمنىڭ
كوڭلى بولەكتە.

ئەتىگەندە كۆن قىزىلى
سايىنى تالىشۇر.
ئىككى ياخشى بىربولغاندا،
خويمۇ يارىشۇر.

قانداق كىشى كىتەردىكەن،
يارىنى تاشلاپ.
مەيلى بولسا ئېلىپ كېتەر،
ئويىگە باشلاپ.

ناماز دىگەر - شام ئارىلاپ،
گۇل باغدا ياتسام.
چولام تەگسە يار قاشىغا،
بارۇرمەن ئاخشام.

☆

كىچىككىنە بالىخاندا،
ئىككىمىز بارتۇق.
قىلماس ئىشنى قىلىپ قويۇپ،
دەردىنى تارتتۇق.

بىزلەر يۇرگەن ئىگىز تاغلار
باغىراشىنىڭ تاغى.

قوللىرىدا ئەڭگۈشتەرى
تىللادىن باغى.

☆

ئاللا يايرىم بۇ يايلاقنى
قانداق يايلايسەن.
ئۇزەڭ كىچىك، ئاشىغىڭ چوڭ،
قانداق ئوينايسەن.

ياندا بۇلاق قاينىغاندەك،
يايرىمنىڭ كوزى.
شېكەر، ناۋات چاينىغاندەك،
سوزلىگەن سوزى.

قەن - ناۋات ئاغزىڭدىدۇر،
شېكەر لېۋىڭدە.
سېرىق زەپەر قات ئېچىلار،
باسقان ئىزىڭدە.

ئاتلا ئورۇق، يوللار يىراق،
كەلگىنىم شۇدۇر.
ئاشىقلىقتا مۇرادىمغا،
يەتكىنىم شۇدۇر.

ئىگىز - ئىگىز تۈۋە① بولسا،
قاراپ ياتقىلى.
كىچىككىنە خەنجەر بولسا،
يۈرەك يارغىلى.

قانداق قىلاي نە ئىلاجىم،
كېتىپ قالسىلا.
سېلىپ كوييۇك ئوتىغا،
تاشلاپ ماڭسىلا؟

كېتەرىڭنى بىلەر بولسام،
يولدا تۇرۇردۇم.
يىغلاپ - يىغلاپ قالغىنىمدىن
بىرگە بارۇردۇم.

كېتەرىڭنى بىلەر بولسام،
ئۇزاتماسمىدىم.
كەتمەن ئېلىپ يوللىرىڭنى
تۈزەتمەسمىدىم.

يالغۇزۇم يالغۇز ياغاچنىڭ،
ياندا تۇرۇرمۇسىز؟

① تۈۋە — ئۈگزە مەنىسىدە.



AltunOq

شۇ تىكەننىڭ دەردىنى،
بىر گۈل ئۇچۇن تارتۇرمۇسىز؟

ۋاپايىلىڭ بارمۇ دەپ
چەندان يۇگۇردۇم.
ۋاپايىڭ يوق ئىكەن،
مىلىڭ ـ مىڭ ئوكۇندۇم.

كىلەرمۇ دەپ تاما قىلما،
كەتكىنىم شۇدۇر.
ئاشىق ئويناپ مۇرادىمغا
يەتكىنىم شۇدۇر.

كىگەش بىلەن ئىچمەپتىمەن،
كۇچلۇك هاراقنى.
تۇگۇلۇك بىلەن چۇشىمەن دەپ،
يىدىم تاياقنى.

☆

ئىگىز ـ ئىگىز كورۇنگەنلەر
كارىز داراخى.
بىزنىڭ يارنى كورسەتمىگەن
يولنىڭ يىراقى.

قەغەز بىلەن گۈل ياسىدىم،
سىيا بىلەن سوز.
ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك ئەتتىم،
لەئەل بىلەن كوز.

ئالتۇن بىلەن ئەتكەن ئۈزۈك،
بىلەكىڭىزدە.
كاككۇك بولۇپ سايرىۋالاي،
تېرەكىڭىزدە.
بېلىق بولۇپ ئوينىۋالاي،
يۈرەكىڭىزدە.

ھاۋامىسىن، بولۇتمىسىن،
يامغۇر تامچىلۇر.
يارنىڭ قوينى بېھىش ئىكەن،
كوڭلۈم ئاچىلۇر.

☆

ئالتۇن پىچاق، كۈمۈش پىچاق،
بىلىسەم ئوتمەس.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى،
سۇ قويسام ئوچمەس.

دەردىڭ بىلەن پىراقىڭدا
ئولگىدەك بولدۇم.
شۇ ھالەتتە بولساڭ يارىم،
سويگىدەك بولدۇم.

ئاللا يارىم سەن كېۋەز بول،
مەن يۇگەي بولاي.
ئىرمالىشىپ، چىرمالىشىپ
شاخىڭغا قوناي.

ئاتامىمكىن، ئانامىمكىن،
كاڭشاڭدا ياتقان.
كوزى قارا، يۇزى سۇزۇك
جاننى قاخشاتقان.

ئىگىز يەرگە دالان سالسام
ئاراشتا قالدى.
ئونبەش ياشتا سويگەن يارلار
تالاشتا قالدى.

ئىگىز يەرگە چىقما يارىم
كورۇشتى دەيدۇ.
تال بويۇڭنى ئەگمە يارىم
سۇيۇشتى دەيدۇ.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى
بالام دېمىسۇن.
شۇ كويلارغا خۇدا ساپتۇ،
پۇشمان يېمىسۇن.

بارغانلاردىن يانغانلاردىن
سېنى سورايمۇ؟
سېنىڭ ھالىڭ نە كەچتى دەپ
ئۆزەم بارايمۇ؟

يىراق بولۇپ، يېقىن بولۇپ،
داۋانى يوقتۇر.
مەن يارىمنى كورۇپ ئولسەم
ئارمانىم يوقتۇر.

ئاتىم بولسا، ئاتىم بولسا،
ئالا (ئا) تىم بولسا؛
مەن يارىمنى سېغىنغاندا
قاناتىم بولسا.

يارىم بولساڭ سەھەر كەلگىن
قورقماي ئولۇمدىن.
مەيلىڭ بولسا ئالغاچ كەلگىن
جۇخۇار گۇلىگىدىن.

ئانارخانىنىڭ ئۈزى ئوبدان،
ئانىسى يامان.
ئەتە - ئاخشام باراي دېسەم
ۋەدىسى يالغان.

كۆيگەنىمنى بىلمەي يارىم
بىخەۋەر ياتۇر.
دەرت ئاغرىقى يۈرەكتىدۇر،
ئۇنى كىم تاپۇر.

مېنىگەن ئېتىم چىلان تورۇق،
قېيىندىن ئېگەر.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى
يۈرەككە تېگەر.

☆

سىم - سىم ئارىلاپ يامغۇر ياغدى
تاغلارنى بويلاپ.
كورەر كوزۇم كورمەس بولدى،
يولۇڭغا قاراپ.



AltunOq

يار يولغا ئاتلانىپتۇ
مىنگەنى دۇلدۇل.
قاچار①لارى قىزىل ئالما،
ساچلىرى سۇمبۇل.

نىمە بولۇر جىنىم خېنىم،
يېنىمغا كەلسەڭ.
چاڭقاپ تۇرغان يۈرەگىمگە
ئۇسسىلىق بەرسەڭ.

☆

ھەر يەرگە بارساڭ مېنى ئۇنۇتما،
يىغلار كوزۇڭدىن ياشنى قۇرۇتما.

يارىمنى كورۇپ مەستانە بولدۇم،
ئەقلى ھۇشۇمدىن بىگانە بولدۇم.

يارىم ئىشىگىگە قونغىلى كەلدىم،
مەيلىڭ بارمۇ دەپ سورىغىلى كەلدىم.

---

①قاچار — مەڭزى.

يارنىڭ بىغىدا ئالما پىشىپتۇ،
بەرگى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

## نازىگۇل ھەققىدە

ئالەمدە يوقتۇر ئوزلىرى،
بەكمۇ شىرىن سوزلىرى.
كوڭلۈمنى ئالغان ئوزلىرى،
ئالسام سىنى ئەي نازىگۈل.

كىردىم ئىشىككە مەن غىرىپ،
ئىككى كوزۈمگە ياش ئىلىپ.
ئىشىق ئوتى جانغا سىلىپ،
ئالسام سىنى ئەي نازىگۇل.

كىچىسى ھوقۇش بولۇپ،
كۈندۈزى بىھۇش بولۇپ.
سەن كىيىك، مەن قۇش بولۇپ،
ئالسام سىنى ئەي نازىگۇل.

دەردىم تولا يارىم مىنىڭ،
يەتسۇن ساڭا زارىم مىنىڭ.
بىر كۈن يىتەر ئاھىم مىنىڭ،
ئالسام سىنى ئەي نازىگۇل.

دەردىم تولا كويدۇم ساڭا،
بىركۈن خەۋەر بەرگىن ماڭا.
جېنىم پىدا بولسۇن ساڭا،
ئالسام سېنى ئەي نازىگۈل.

## زەيتۇنىخان ھەققىدە

چىقىۋالدىڭ تېرەككە،
ئوتنى ياقتىڭ يۈرەككە.
كوڭلۇم ھەرگىز بارمايدۇ،
سەندىن گۈلۈم بولەككە،
ۋاي جېنىم زەيتۇنىخان.

زەيتۇنىخاننىڭ قولىدا
ئالتۇن بىلەن كۈمۈش بار.
ئەتكەن ئاشلىرى تاتلىق
قوللىرىدا چومۇش بار.
ئاھ جېنىم زەيتۇنىخان.

ئەنجان دوپپام بار دەيسەن،
كىيمەيدىغان نىمەڭگە.
ئاخشام بولسا چىللايسەن
چىقمايدىغان نىمەڭگە.
ۋاي جېنىم زەيتۇنىخان.

ئۇ كوچىدا سەن بولساڭ،
بۇ كوچىدا مەن بولاي.
ئانار گۈلى سەن بولساڭ
يوپۇرمىغى مەن بولاي.
ئاھ جىنىم زەيتۈنىخان.

ئالما بەردىم قولۇڭغا،
كويۇپ قالدىم بويۇڭغا.
بىر نەچچە زامان بولدى،
قاراپ قالدىم يولۇڭغا.
ئاھ جىنىم زەيتۈنىخان.

سىنىڭغۇ مەن سىنىڭ مەن،
خەجلىسەڭ مەن پۇلۇڭمەن.
سىنىڭ بولماي كىمنىڭ مەن،
ئىشلەتسەڭ بىر قۇلۇڭ مەن.
ئومىغىم زەيتۈنىخان.

قۇمۇل يولى قومۇشلۇق،
قازان - قومۇش يۇيۇغلۇق.
بۇ جاھاندا بارمىكىن
زەيتۈنەمدەك بىر ئوگلۇق.
ئامرىغىم زەيتۈنىخان.

## باسما كوينەكلىك جۇگان

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
ئالتۇن باھالىق گۈل ئىدى.
تۇگمىسى ئېچىلمىغان
يارىمغا لايىق گۈل ئىدى.

يۇرىگىم سەكپارىسى
باسما كوينەكلىك جۇگان.
ئەجەپ يامان دەردى بار،
شايە كوينەكلىك جۇگان.

سىز يارىم يامانلىماڭ،
ياخشى ـ يامانىنى كىم بىلۇر.
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
سايىنى تېرىسا گۈل بولۇر.

## قارا كوز

يۇرتىڭىزغا ماڭغىچە،
ئۇتنى ئېلىڭ قاراكوز.
ئۇتنى ئالماي ماڭغىچە
جاننى ئېلىڭ قاراكوز.


AltunOq

مەن مۇساپىر غېرىپتا
قاراپ تۇيۇق قاراكوز.
بىرنى سويۇپ قويسىڭىز
ساۋاپ بولۇر قاراكوز.

ئالىملىق باقتا كىرىپ،
ئالما ئاتقان قارا كوز.
تال چىۋىقتەك ئىگىلىپ،
قاشنى ئاتقان قاراكوز.

## ئاتاك قىچقاردىمۇ كەكلىك

ئاتاك قىچقاردىمۇ كەكلىك،
ئاناك قىچقاردىمۇ كەكلىك.
قەپەزنىڭ قەدرىنى بىلمەي،
ئۇچۇپ كەتكەن نادان كەكلىك.

ئۇچۇپ هاۋاغا چىققاندا،
لىچىن سوقسۇن سىنى كەكلىك.
يىنىپ دەرياغا چۈشكەندە،
لەهەڭ يۇتسۇن سىنى كەكلىك.

# مەشرەپ بېيىتلىرى

## يار سەنەم

سىڭلىم ـ سىڭلىم ساچىڭىز يەرگە تېگەر يار سەنەم
قىز بويىغا يەتكەندە ئەرگە تېگەر يار سەنەم.

سىڭلىم ـ سىڭلىم تويۇڭنى بويلاپ چۈشتۈم يار سەنەم
يىڭنە پاتماس تۈڭلۈكتىن يەڭدەپ چۈشتۈم يار سەنەم.

ئاپتۇۋىغا سۇ قۇيسام ئىللىمايدۇ يار سەنەم،
قىزنىڭ مەيلى بار ئۇچۇن يىغلىمايدۇ يار سەنەم.

يىغلىما قىز، يىغلىما، تويۇڭ بولدى يار سەنەم
ئالتۇن بىلەن بوسۇغاڭ ئويۇڭ بولدى يار سەنەم.

غاز بالىسى، غاز بالىسى، غاز بالىسى يار سەنەم،
ئوت تەككەندەك چىقىرايدۇ قىز ئانىسى يار سەنەم.

يۇسۇپ بىلەن زىلەيخا قېرىدىلا يار سەنەم.
ئاشىق ئوتىنى ئالەمگە تېرىدىلا يار سەنەم.

يۇسۇپ بىلەن زىلەيخا بولسا كىشى يار سەنەم،
ئاشىق ئوتىنى ئۇلاردىن سورىسا كىشى يار سەنەم.

ئاپپاق - ئاپپاق توشقانلار سايدا تولا يار سەنەم،
قىز ئالمىغان يىگىتلەر تويدا تولا يار سەنەم.

قىزىل - قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا يار سەنەم،
ئويلەنمىگەن يىگىتنىڭ دوستى تولا يار سەنەم.

قارا - قارا قاغىلار خاماندادۇر يار سەنەم
قىز ئالمىغان يىگىتلەر ئارماندادۇر يار سەنەم.

تاغنى تۇمان، چاڭ بېسىپتۇ قار كېلەدۇر يار سەنەم
بەرگى غازاڭ تونىنى كىيىپ يار كېلەدۇر يار سەنەم.

ئېلىپ بويلۇق ئاي سەنەم، ئاتىڭ نەدۇر يار سەنەم،
ئاتلىرىڭىزنى بىلمەيمەن زاتىڭ نەدۇر يار سەنەم.

نەدۇر سېنىڭ ماكانىڭ سەكپاردۇر يار سەنەم،
چولپان كوزۇڭ دىلبىرىم مەستانىدۇر يار سەنەم.

سەكرەپ ئوتكەن جەرەننى سەككىز دەڭلار يار سەنەم،
سەككىز قىزنىڭ بىرىنى سىڭلىم دەڭلار يار سەنەم.

گۈل قېشىدا چىمەنگە نە ئەتىۋار يار سەنەم،
مۇرادىغا يەتكەنىنىڭ دولىتى بار يار سەنەم.

يىراق يەردىن مەن كەلدىم خان ئەركىسى يار سەنەم،
يىگانەڭنى ماڭا بەر يول خەرجىسى يار سەنەم.

ئەگىم - ئەگىم يولللاردىن ئىز كېلىدۇ يار سەنەم،
قىزىل تونىنى پۈركىنىپ قىز كېلىدۇ يار سەنەم.

پۈركەلمە قىز، پۈركەلمە، كىم كورۇدۇ يار سەنەم،
قارا چاچىنى سەن تاراپ كىم سويۈدۇ يار سەنەم.

كورپە جۈگىنى سوغلاردا كىيسە ياخشى يار سەنەم،
ئاشىق كىشى مەشرەپتە سويسە ياخشى يار سەنەم.

هاي - هاي ئېتىم باريدا خۇش كورىمەن يار سەنەم،
مەن يارىمنى سېغىنسام چۇش كورىمەن يار سەنەم.

هاي - هاي ئۇچقان بېغىر تاق يول ئادىشىم يار سەنەم
باراي دىسەم يول يىراق قېرىندىشىم يار سەنەم.

قىز كېلىدۇ خىرامان يارى بىلەن يار سەنەم،
قىز ئانىسى يىغلايدۇ زارى بىلەن يار سەنەم.

## يولەن ناخشىسى

هاي ـ هاي يولەن، هاي يولەن گۈل قايدا بار،
بىر ياخشىغا بىر يامان هەر جايدا بار.

هاي ـ هاي يولەن، هاي يولەن بارمۇ هايات،
قارچۇغىدەك بويۇڭغا بولدۇم ساياد.

هاي ـ هاي يولەن، هاي يولەن نەقىلاي،
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكنى پارە قىلاي.

هاي ـ هاي يولەن، هاي يولەن قار كېلىدۇ،
بەرگى غازاڭ تونىنى كىيىپ يار كېلىدۇ.

بەرگى غازاڭ تونىنىڭ بەرگى تولا،
قىز ئالمىغان يىگىتىنىڭ دەردى تولا.

ئالا ـ ئالا كوكىنەك پاقا ئالۇر،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر خاپا بولۇر.

يېشىل ـ يېشىل قارىغايلار تاغدا ياتۇر،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر قايدا ياتۇر.



Altun0q

ئاپپاق - ئاپپاق توشقانلار سايدا تولا،
ئويلەنمىگەن يىگىتلەر تويدا تولا.

شىلدىر - شىلدىر قومۇشقا سىرغام چۈشتى،
سىنالمىغان يىگىتكە سىڭلىم چۈشتى.

*

هاي - هاي يولەن باشلادىلا ۋاي جېنىمەي،
گۈلنى ئېلىپ چىمەنگە تاشلادىلا ۋاي جېنىمەي.

قارا مىلتىقنىڭ ئوقى هاۋادا پىل - پىل قىلدۇ،
قاراقاش يارنىڭ ئوتى يۈرەكتە ۋىل - ۋىل قىلدۇ.

مىلتىق ئوقى ئېغىر نىمە ئويان - بۇيان غايلىماس①،
يار ئوتى يامان نىمە، ئاشىق ئوتىغا پايلىماس.

## قىز كوچۇرۇش ناخشىسى

يىغلىما قىز، يىغلىما، تويۇڭ بولدى،
ئالتۇن گۈللۈك كوشۈگە ئويۇڭ بولدى.

يىغلىما قىز، يىغلىما، خوش بولۇرسىز،
قارچۇغىدەك يىگىتكە قوش بولۇرسىز.

① غايلىماس — قيىپ كەتمەسلىك مەنىسىدە.

يىغلىما قىز، خوشال بولغىن، تويلىشىڭدۇر،
ئالتۇن بويلۇق گۈل يىگىت ئويىنىشىڭدۇر.

يىغلىما قىز، فەرىدۇندەك بەختىڭ بولۇر،
ئالتۇن گۈللۈك كوشۇكىدە تەختىڭ بولۇر.

ئاپتاۋىدا سۇ قويسام ئىللىمايدۇ،
قىز ئانىسى ئۆگەيمىكىن يىغلىمايدۇ.

## يۈز ئاچقۇ ناخشىسى

ئاققىنە ياغلىق ئىچىدە بىر تۇتام گۈل ساقلىدىم،
گۈلنى بېشىمغا ئېلىپ تاجى قىلىپ ساقلىدىم.

بارچە خەقلەر تولا كەلدى ھېچ كىشىگە باقمىدىم،
شۇنچە خەقلەر ئارىسىدىن ئۆزلىرىگە ساقلىدىم.

ئوغۇل چوڭ قىلدۇق بىر موللا ئالىم،
خېنىم چوڭ قىلدۇق زەر تولۇن ئايىم.

كىچىككىنە باغ ئىچىدە يېڭى ئۈنگەن گۈل ئانار،
شۇ ئوماق، خۇشخۇي خېنىمنىڭ بويلىرىدا گۈلى بار.

ئاغزىدا ئايەت ئوقۇيدۇ، قولىدا كىتاۋى بار،
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك، ئاي يۈزىدە خالى بار.

تاغدىن چۈشتى تاش بېلىق، سۇدىن چىقتى ئاي بېلىق،
نەدىن چىقتى بۇ لايىق، بىر-بىرىگە خوپ لايىق،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

ئاي چىقسا ئاي تۇغۇلۇر، كۈن چىقسا كۈن تۇغۇلۇر،
ئالتۇن بويلۇق پەرىزات ئەمدى كىمدىن تۇغۇلۇر.

*

بازارلاردىن ئات ئالدۇق ساغرىسى ئالا،
ئۆي مەلىدىن قىز ئالدۇق ئالتۇندەك بالا.

بىرى لەڭخار، بىرى مىخار، قاملىشىپ قالار،
ئاشىق-مەشۇق ئىككى ياشنىڭ ئارزۇسى قانار.

قىزىل گۈللەر ئىچىدە غۇنچىسىنى ساقلىدۇق،
شۇنچە خەقلەر كېلىشۈدى ھىچ كىشىگە باقمىدۇق.

سەگىز ئۈچۈن چىمەنزار ئۈستەڭ بويى ياقلىدۇق،
جاندىن ئېزىز بالىمىزنى ئۈزلىرىگە ساقلىدۇق.

بالام قىلسىلا ئايدەككىنە، بويى قىرچىن تالدەككىنە،
كىمشى كورسە گۈلدەككىنە، خىزمەت قىلۇر ئەردەككىنە.

*

تار ئېرىقنى ئاتلىدۇق، كەڭ ئېرىقنى قاتلىدۇق،
شۇنچە قىزلار ئارىسىدىن خېنىمىم بالامنى تاللىدۇق.

## يارەي ناخشىسى

ئەچ ئۆرۈڭلار، تاش ئۆرۈڭلار، ئوبدان ئۆرۈڭلار،
يار ئۆستىگە يار تۇتۇپتۇ بۇنى كۆرۈڭلار.

قارا ئاتىم، قارايايلى، قارا ئاغامچا،
ئەگەر، يۈگەن چولدە قالدى بېلىمدە قامچا.

ئەگەر، يۈگەن قالغان يەردە توقۇم قېلىپتۇ،
قەلەم قاشلىق ئوز يارىمدىن كوڭلۇم قېلىپتۇ.

سىم-سىم دەيدۇ، سىم-سىم دەيدۇ، سىم بار قوينۇمدا،
كېچە يېتىپ قوپالمىدىم كىم بار قوينۇمدا.

كىچىككىنە ئالما شاخى ئەگمىچەك بولسۇن،
ئەگمىلچەڭنىڭ يوپۇرمىغى تەكمىلچەك بولسۇن.

بارايلى دەپ بارالمىدۇق بايلار باغىغا،
باينىڭ قىزى ساپتۇ چەلپەك خوما ياغىغا.

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ مېنىڭ يارىمنى،
باسقان ئىزى ئاشتى دەيدۇ بويى تالىمنى.

سايدا يۈرگەن سىرىق تۈلكە سايىنىڭ تۈلكىسى،
ئۆلتۈرەمدۇ - تىرىلدۈرەمدۇ يارنىڭ كۈلكىسى.

بۇلاقتىكى زۇمرەت سۇنى ئالدىم قاپاقتا،
يارىم كەلسۇن باشقا قاراپ، دۈشمەن ئاياقتا.

مەيلى قانداق تىۋىپ بولسۇن تومۇرنى تۇتار،
يار ئاغرىقى يۈرەكتىدۇر ئۇنى كىم ئۇقار.

كۆشۈتىدىن① ئۆتمىگۈنچە ئاقتاش كورۇنمەس،
ئاقبوز ئاتنى مىنمىگۈنچە يارىم كورۇنمەس.

تومۇچۇقلار تاڭ سەھەردە سايرىشىپ تۇرسا،
ئىككى ئاشىق بىر - بىرىسىگە قارىشىپ تۇرسا.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا قېشىدا بولسا،
پەرەڭ ياغلىق ئاشۇ يارنىڭ بېشىدا بولسا.

---

① كۆشۈتە، ئاقتاش ـــ جاي ئىسىملىرى.

ئېيتىم جەدە، ئېيتسىم جەدە، مىنىڭدىنىم نەدە،
غانجۇغامدا بەش جىلىڭ هاراق ئىچكىنىم نەدە؟

بوگۈن كېچە، سورۇن كېچە، يىللار ئورۇلدى،
يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار قانغا ئورۇلدى.

ئارپا، پۈرچاق سامانىنى شامال ئايرىيدۇ،
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا دۈشمەن ئايرىيدۇ.

ئىگىز داۋان ئاشمىغۇنچە مەنزىل كورۇنمەس،
قارا يورغا مىنمىگۈنچە چوللەر كېزىلمەس.

قارا يورغا بارىدا قاناتلىق ئىدىم،
تاغدا كېيىك ياياق بولسا مەن ئاتلىق ئىدىم.

مىنگەن ئېيتىم چىلان تورۇق، ئۈستىدە ئىگەر،
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى يۈرەككە تېگەر.

ئېيتىم شاڭتو، كالام تارتماس قالدىم تالادا،
قىلماس ئىشنى قىلىپ قويۇپ قالدىم بالاغا.

*

ئېيتىپ بېرىپ كەلسۇن دەپتۇ، كەلمەسمۇ ئوزى،
كويەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ كويمەسمۇ ئوزى.

بۇ دۇنيادا يامان ئىكەن ياردىن ئايرىلغان،
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ سەۋدايى بولغان.

سېنىڭ ئۈچۈن مەن جانىمنى داڭغا داڭلادىم،
ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارىڭنى خەقتىن ئاڭلادىم.

بارغىنىڭدىن، تۇرغىنىڭدىن كەتكىنىڭ ياخشى،
بۇ جاپانى تارتقىنىڭدىن ئۆلگىنىڭ ياخشى.

تېرىغان بىلەن ئۈنۈپ بولماس سايىنىڭ تېشىنى،
دەرت كەلگەندە ئېيتىپ بولماس كۆزنىڭ يېشىنى.

تولا بارسام ئاچچىق قىلىپ يامان سۆز قىلماق،
بۇ كۆڭلىنىڭ خاھىشىدۇر سىزگە باردۇرغان.

*

مەس بولۇپ يوقتۇر ماجالىم، ھېچ سۆيەلمىدىڭ مېنى،
گۈل بولۇپ ئالدىڭدا تۇرسام بىر كۆرەلمىدىڭ مېنى.

سايدا بوستان سالىمەن سايىداپ يېنىڭ يارىم،
گۈل ھاراغى تۇتىمەن مەس بولۇپ يېنىڭ يارىم.

ھاراق ئىچسە ئىچكۈلۈك كۆڭۈلنى بىر خوش ئەتكۈلۈك،
ئاشىقى قارىمىسا يىغلاپ يۈرۈپ ئەگەشكۈلۈك.

ھاراق ئىچتىم، شاراپ ئىچتىم ئايىمخان داڭلىق بىلەن،
ئاچچىغى كەلسە ئۇرادۇر ماشرەڭ ياغلىق بىلەن.

مەس بولۇپ يىغلاپتىمەن، مەس بولمىسام يىغلارمىدىم،
مەسلىگىمنى بىلسەم ئىدىم يار بىلەن ئوينارمىدىم.

ئىچسە جانانلار ھاراق بىزلەرگە چوقۇم ئىچۈرۈر،
بەندىلەر قىلسا گۇنا، ئۇنى خۇدايىم كەچۈرۈر.

يۇقۇرى ئىز كەتتى دەپ، تام ياقلاپ ئىز باقتىلا،
ھەممە ياقنى باقتىلا، گۇل تۇۋىنى باقمادىلا.

باققا كىردىم كىچىلەپ، ئايىمخاننى ئىستىلەپ،
ئايىمخانىڭ ئۇسما قويدۇم باغدىكى گۇلگە يۆلەپ.

تاققا چىقتىم كىيىك ئاتتىم، بوز كىيىك ئاتالمىدىم،
ئارزۇلاپ ئاشنا تۇتۇپ يېنىدا ياتالمىدىم.

بۇ مىنىڭ مەيلىمچە بولسا چىقمىسام يار قاشىدىن،
قانىتىم بولسا ئۇچۇپ پەرگانە① بولسام باشىدىن.

مەن تىلىمنى ساز قىلىپ چالسام راۋاپتىن ياخشىراق،
ئىككى تىزىمنى قۇچاقلاپ ياتسام ياماندىن ياخشىراق.

① پەرۋانە — قۇمۇل شىۋىسىدە پەرگانە.

ئالمىلىق باققا كىرىپ، ئالمىنى ئىرغاتتىلا،
ئالما ساقلىغان جۇگاننى زارى-زار يىغلاتتىلا.

ئاي جېنىم، تاڭلا كېلىڭ، تاڭلار ئاتقاندا كېلىڭ
مەيلىڭىز بولسا نىگارىم، ئالمىلىق باققا كېلىڭ.

*

ئات ئالساڭلار، تاي ئالماڭلار يىراققا يۈرمەيدۇ،
چېچى ئۇزۇن قاۋۇل جۇگان قولغا كىرمەيدۇ.

ئۇ مەلىدىن بۇ مەلىگە يولى بارمىكىن،
يار ئاغرىقى بولۇپ قالدىم دورى بارمىكىن.

سېنى دىدىم، سېنى دىدىم كەچتىم بۇ جاندىن،
يۈرەك باغرىم پارە-پارە كوز يېشىم قاندىن.

تال چىۋىقتەك بويلىرىڭغا زوقۇم كېلىدۇ،
ئەتە-ئاخشام باراي دىسەم قوقۇم كېلىدۇ.

## 5، باشقا مەزمۇنلاردىكى قوشاقلار

تەكەببۇر ئەيلىمە، ھەرگىز
مەگەرچە ئاسمان بولساڭ،
ئۆزەڭنى بارچىدىن كام تۇت،
ئەگەر سەن سۇلايمان بولساڭ.

تەكەببۇر ئەيلىدى شەيتان،
ئۇنىڭدىن روسىيا ① بولدى.
قومۇشنى كورمىدىڭلارمۇ،
باش چىقاردى، بورىيا بولدى.

*

بۇرگەم - بۇرگەم بىر باتۇر،
باسما يوتقاندا ياتۇر.
بۇرگەمنى سۇغا سالسام،
كوزلىرىنى ئالايتۇر.

①روسىيا — قارا يۈز، چىرايى قارا مەنىسىدە.

بۇرگەمنى بۇغرا ئەتتىم،
تارتىپ بۇرنىدىن تەشتىم.
ئالتە ئايلىق ئوزۇق ئارتىپ،
يارىم بىلەن مىنگەشتىم.

*

ساقىدا تاۋۇز تېرىدىم ئۈندىمىگىن،
پەلىگى پەلەككە يەتتىمىگىن.
سوراڭلار ئاشىقلارنىڭ ئۇستازىدىن،
مۇرادى، مەقسىدىگە يەتتىمىگىن.

لائىلاھە قۇدرىتىڭدىن قورقىمەن،
ياشقىنا ئولان جېنىمىدىن قورقىمەن.
كىچىگىنىدە كوپ گۈنا قىلغان ئۇچۇن،
ئاخىرى دوزاق ئوتىدىن قورقىمەن.

مەن ئولسەم ئولۇگۈمنى تاغدا قويۇڭ،
تاغ يولى يىراق كەلسە باغدا قويۇڭ.
يۈزۈمنى قىلۋى سايان ئاچىپ قويۇڭ،
بىشىمغا بىردەستە گۈل سانچىپ قويۇڭ.

*

تىلا دەيدۇ، تىللا دەيدۇ، تىللا نەدىكەن،
تىللادەك يار نەدە بولسا تىللا شەدىكەن.

تىللاسى بار تۇرسۇنبايىنىڭ چوڭ قىزى گالۋاڭ،
كىچىك قىزى چەكتىن ئاشقان ساراڭ ئەدىكەن.
ساراڭ بولسا مەيلى دەڭلار كوڭلى سوۋۇپتۇ،
توكۇر پۇتى كىچىگىدە ئوتتا كويۇپتۇ.

*

بىغىمىزدا ئالما تۇرسا شاپتۇلدىن يەپلا،
يوللىرىغا بىز بارغىچە ئوزلىرى كەپلا.
كېلىلايۇ - كېتىلايۇ ساپ قۇرۇق گەپلا،
ئالدىدىلا بىزنى ھەجەپ "سۇيىمەن" دەپلا.

*

بەشكىرەمدىن ئەنجۇر ئالدىم، ئەنجاندىن راۋاپ،
ئاتىڭىزغا ئەلچى قويسام بەرمەيدۇ جاۋاپ.
خۇدا قوشسا قوشار بىزنى ئاتىڭىز قوشماس،
ئاشىقلارنىڭ مازارىنى قىلىمەن تاۋاپ.

*

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،
باغراش دىگەنىنىڭ تاغلىرى.
توپىسىگە قار يېغىپتۇ،
ئاستىدا جان باغلىرى.

ئارى تاغنى تاغ دىمەڭلار،
ئارى، تاغ بىھوش ئىكەن.
ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا يىمىش ئىكەن.

تاغ سايان قىلدۇق سەپەر،
ئەمدى ئىچۈك ھاللار كېچەر.
تاغدىمۇ ئادەم تولا،
ئويناپ - كۈلۈپ كۈنلەر ئۆتەر.

*

بىزنىڭ يارنى ئاتايدىكەن يۇرتىدا رەنا،
مەن داڭلىسام ئەقلى كامىل موللامدەك دانا.
دانا بولسا كەل دىگەندە بىر كەلمەسمىدى،
كەلمىگىنىنى بىلىپ قويدۇق قۇرۇقلا بانا.

ئاغزىڭىز ئويماق، كوزىڭىز بۇلاق،
ئېيتىڭ، نىمىشقا چېچىڭىز ئۇلاق.
مېنىڭ دوستۇمنىڭ ئېتى قاشقىكەن،
چېچى ئۇلاقنىڭ كوڭلى باشقىكەن.

ئىككى تاغنىڭ ئويانىدا بىر توپ قارىقات،
شۇل يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى چىلان تورۇق ئات.

ئۇزەڭگىسى ئالتۇن ئىكەن، قامچىسى پولات،
كوزلىرى خۇمار ئىكەن، لەۋلىرى ناۋات.

كول بېشىغا سۇغا چىقتىم، تۇمارنى ئېسىپ،
ئەجەپ خۇشخۇي ئولتۇرۇپلا كىتاپنى ئېچىپ.
ئاستا كېلىپ سالام قىلدىم، بوينۇمنى ئېگىپ،
ئەجەپسىغۇ سەزمىدىلا كوڭلۇمنى چىگىپ.

*

دوستلىرىم مەندىن زىرىكتى،
دۇشمىنىم سەنمۇ زىرىك.
بىر مىسال باردۇر ئاڭا
تاغلار ئارا ياتماس كىيىك.

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىم ئىچىمدە بەش تۇلۇم.
بەش تېيىن پۇل تاپقىچە،
سالدىڭ ماڭا جەۋرى - زۇلۇم.

بۇ چىنار نازۇك چىنار،
تەگمە ئۇنىڭ شاخى سۇنار.
شاخى سۇنغاندىن كېيىن
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونار.

تال چىۋىقنى ئېگىپ - ئېگىپ
مېنى سوقاي دەمسەن؟
ئاتا (ئا)نىسى يوق باللارنى
ئانى تاپاي دەمسەن؟

تال چىۋىقنى ئېگىپ - ئېگىپ
مېنى سوقالمايسەن.
ئاتا (ئا)نىسى يوق بالا دەپ
ئانى تاپالمايسەن.

*

سايرا مەشۇغۇم سايرا،
مەن گۈلۈڭ بولاي.
سايراپ - سايراپ شاخىڭدا
بۇلبۇلۇڭ بولاي.

قارلىق تاققا قار يېغىپتۇ،
بوستاندا تۇمان.
يۈرىگىمدە ئوت كويەدۇر
كوڭلۈمدە گۇمان.


AltunOq

**维吾尔民歌**（维吾尔文）

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂排版
乌苏县印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 4印张
1981年10月第1版 1981年10月第1次印刷
数印：1—16,000

统一书号：M10098·556 定价：0.22 元

مۇقاۋىسىنى سىزغۇچى: لىيۇ پېيچېڭ

书号：M10098·556
定价：0.22元